


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سكاننىرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org


6
2013
يېزا پەن ـ تېخنىكىسى
مېھرىبان ئانىلارنىڭ باشلامچىسى - رەيھان قاسىمدىن
خەلقىمىزگە ئوتلۇق سالام
ھلىم تۇرسۇن فوتوسى
农村科技
ISSN 1004-1095
06>
9 771004 109006



تۇرپان شەھىرى يار يېزا خەلقچىل كەنتىدىكى پەتتار ئابلا بىلەن ئوغۇل-
خان ھېسامىدىن، 1998-يىلدىن باشلاپ كەنتنىڭ 33 مو تاشلاندۇق يېرىنى
30 يىللىق كۆتۈرە ئېلىپ، جاپالىق ئىشلەپ بىر مىليوندىن ئارتۇق مەبلەغ
سېلىپ، پىلانلىق كۆكەرتىش ئارقىلىق نۆۋەتتە 5-6 مو باراڭلىق بىر گەۋدە
قىلىنغان يۇرۇشلۇك ئارامگاھ قۇرۇپ، يىلىغا 25-30 تۈمەن كىرىم قىلى-
دىغان كاتتا بايغا ئايلاندى. ئۇلار ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن باغۋەنچىلىكنى
تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، جۈجەم (ئۈژمە)، ئۆرۈك، ئۈزۈم، چىلان، ياڭاق قاتار-
لىقلارنى سورتلۇق يېتىشتۈرۈپ، ساياھەتچىلەرگە گۈزەل مۇھىت ياراتتى.
شۇنداقلا مىڭ كىشىلىك كارىۋات تەييارلاپ، خېرىدارلارنىڭ ياتاق شارائىتى-
نى ياخشىلاپ، يىلىغا 20 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق ساياھەتچىنى بىمالال كۈ-
تۈۋالالايدىغان «پەتتار ئابلا مېھرى - مۇھەببەت قۇملۇق ئارامگاھى» نى
بەرپا قىلدى. بۇ ئىككەيلەن بەش پەرزەنتىنى سىستىمىلىق تەربىيەلەپ،
ئۆي-ئوچاقلىق قىلىش بىلەن بىرگە يىلىغا 20 نەچچە دېھقان ياشنىڭ ئىق-
تىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئويناپلا قالماستىن، ئىككى
يېتىم بالىنى تەربىيەلەپ، توي قىلىپ قاتارغا قوشتى. يىللاردىن بېرى بۇ
كۆيۈمچان بىر جۈپلەر كۆپ قېتىم يېزا-كەنت بويىچە «بەشتە مەدەنىيەت-
لىك ئائىلە»، «ئىگىلىك تىكلىگۈچى دېھقان باي» قاتارلىق شان-شەرەپ-
لەرگە نائىل بولدى. قۇمغا چۈشۈپ
داۋالانغۇچى ھەر مىللەت قېرىنداشلارنى
«پەتتار ئابلا مېھرى-مۇھەببەت قۇم-
لۇق ئارامگاھى» ھەر ۋاقىت قارشى ئا-
لىدۇ!


ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

تېلېفون نومۇرى: 0995-8683640
يانفون: 13649952641

2013 - يىل 6 - سان
(ئومۇمىي 338 - سان)

يېزا پەن - تېخنىكىسى
全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

# بۇ ساندا

## تېرىش پەرۋىش

ئېگىز تاۋۇزنىڭ پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار..............نىساگۈل ئەمەت قاتارلىقلار (1)
زاراڭزىنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ...............بەختىيار ئەبەيدۇللا (3)
مۇچنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ......................روشەنگۈل ھاجى (4)
بۇغداي ئېگىزىگە تېرىغان سەۋزە ئۇرۇقىنى بالدۇر ئۈندۈرۈش ئۇسۇلى... گۈلنىسا ھارىپ (6)
ئۇستىقۇددۇس ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ..................................ئابدۇساتتار غەنى (7)
كۆزلۈك بەرەڭگە ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار..........نۇرئەخمەت يۇسىين قاتارلىقلار (9)

## ئوغۇت تۇپراق

يوپۇرماق ئوغۇتىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار.. .روزىمەمەت مەتتۇرسۇن قاتارلىقلار (11)
پاتقاق گازى ئوغۇتىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ئۇسۇلى ..................ياقۇپ ئىمىر (14)
يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەزنى ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار................ نامانجان ياسىن (16)
بۇغدايدىكى ئازوت، كالىي يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇلى ..........ئەبەي ئوسمان قاتارلىقلار (19)
كېۋەزنى يوپۇرماقتىن ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ..............................پاشاگۈل مامۇت (21)

## باغۋەنچىلىك

ياڭاق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.....................................روشەنگۈل تۇردى (22)
شاپتۇلنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.......گۈلبوستان قادىر (24)
ياڭاقنىڭ يازلىق پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار..............................نۇرجامال خالىق (26)

## ئۆسۈملۈك ئاسراش

دېھقانچىلىق دورىلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىش ئۇسۇلى ........................ئالىيە ئابدۇراخمان (28)
مۇناقى ئۈزۈمدىكى قاسراقلىق قۇرتنى يوقىتىش ئۇسۇلى ................خۇرشىدە ئەخمەت (30)
شوخلا مېۋىسى ئاستا يوغىناش سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ..... شارابەتگۈل ئەيىندىن قاتارلىقلار (31)

شوخلىنىڭ داغلىق قۇرۇش كېسلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى.......نۇرئەلا ئەمەت (33)
كېۋەزنىڭ دورا زىيىنىغا ئۇچراش ئالامەتلىرى ۋە قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى .....خەيرىنسا ئىبراش (34)
ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئۇسۇلى .........نۇرىمانگۇل ئىبزىز (36)
باغ ـ ئورمانلاردىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش ئۇسۇلى ..................پاتىگۇل ئىمىن (39)
قوغۇن كۆك پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ...................زەينەپ ئىساق (41)
دېھقانچىلىق دورىلىرىنى پەرقلەندۇرۇش ئۇسۇلى .......................ھەبىبەم يۇنۇسجان (43)

## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق

يېڭى تۇغۇلغان موزايلارنىڭ كىندىك ياللۇغى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلى ........ئۆمەرجان قاتارلىقلار (46)
كالا باقمىچىلىقىدا دېزىنفېكسىيەلەشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ......قۇربانبۇۋى دۇيشىماخۇن (47)
چارۋا ـ ماللاردىكى كالتىسي يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇللىرى
..............................................ئايشەمگۇل ئىبراھىم قاتارلىقلار (49)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

كەپشەرلەشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ......................................تۇرغۇن تۇرۇپ (51)

## ئىگىلىك باشقۇرۇش

كەنت مالىيەسىنى ئاشكارىلاشنى مۇكەممەللەشتۇرۇش تەدبىرلىرى ............ئەلى ئۆمەر (52)

## شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى

شەھەر يېزا قۇرۇلۇشىنى پىلانلاشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار........... مەسۇدە ئەكبەر (57)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۇرۇش قانۇنى ...(58)

## بىلىۋېلىڭ

قۇمغا چۈشكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار........................ ھەلىمە تۇرسۇن (59)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت
مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

农村科技
Rural Science & Technology
2013年第6期
总338期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

复播西瓜栽培要点 …… 妮萨古丽·艾麦提等(1)
红花高产栽培方法 …… 巴黑提亚·阿拜都拉(3)
辣椒高产栽培方法 …… 茹先古丽·阿吉(4)
促进复播胡萝卜早萌芽方法 …… 古力尼沙·阿热甫(6)
薰衣草栽培方法 …… 阿布都沙塔尔·艾尼 (7)
复播马铃薯栽培要点 …… 努尔艾合买提·玉苏音等(9)

## 土壤肥料

叶面肥使用方法及注意事项 …… 如则麦麦提·麦图尔荪等(11)
沼气肥综合利用方法 …… 亚库甫·依米尔(14)
高产棉花施肥要点 …… 纳曼江·亚森(16)
小麦氮、钾缺乏症状及补充方法 …… 艾拜杜拉·吾斯曼等(19)
棉花叶面施肥方法 …… 怕夏古丽·马木提(21)

## 园艺特产

核桃栽培要点 …… 茹先古丽·吐尔地 (22)
桃树高产栽培要点 …… 古丽博斯坦·卡迪尔(24)
核桃夏季管理要点 …… 努尔加玛丽·哈力克(26)

## 植物保护

农药安全使用方法 …… 阿里亚·阿不都热合曼(28)
木纳格葡萄蚧壳虫防治方法 …… 胡尔西旦·艾合麦提(30)
番茄果实发育缓慢原因及防治措施 …… 夏拉拍提古丽·艾尼丁等(31)
番茄斑枯病防治方法 …… 努热拉·艾麦提(33)
棉花药害症状与防治方法 …… 海尔尼沙·依比热西(34)
除草剂混合使用方法 …… 努尔曼·艾则孜(36)
园林用地除草方法 …… 帕提古力·依明(39)

甜瓜蚜虫防治方法 ………………………………………… 再娜甫·依沙克(41)
农药识别方法 ………………………………………… 艾比拜·玉努斯江(43)

## 畜牧兽医

新生犊牛脐带炎防治方法 ………………………………… 吾买尔江等(46)
养牛场消毒注意事项 ……………………… 库尔曼布比·对先玛洪(47)
家畜缺钙症状与补充方法 ……………… 阿衣先木古力·依布拉音等(49)

## 农业机械

焊接注意事项 ………………………………………… 吐尔洪·吐鲁甫(51)

## 农经管理

农村财务公开完善措施 ………………………………… 艾力·吾买尔(52)

## 城建管理

城乡建设规划注意事项 ……………………………… 买苏旦·艾克拜尔(57)

## 法律常识

中华人民共和国妇女权益保障法 ………………………………………(58)

## 百科知识

沙疗注意要点 ………………………………………… 艾力曼·吐尔逊(59)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：新疆维吾尔自治区农业科学院《农村科技》杂志社
主　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：艾尼瓦尔·买买提　　编辑：阿布来提·艾比布拉
地　址：乌鲁木齐市南昌路403号　邮编：830091
印　刷：新疆新华印刷厂　　定价：2.00元
发　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN 1004-1095
国内统一刊号：CN 65-1046/S-W
邮政代码：58-123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：乌鲁木齐市农行南昌路支行
行　号：103881000461 账号：004601040000839

# ئېكىز تاۋۇزنىڭ پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار

نىساگۈل ئەمەت   ئابدۇرېھىم ئىمىن
(يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇما يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. سورت تاللاش:** كېسەللىككە، ساقلاش، توشۇشقا چىداملىق سورتلار-نى تاللاپ، ئۇرۇقنى ئىشەنچلىك ئورۇندىن سېتىۋېلىش لازىم.

**2. ئاساس ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش:** ھەر مو يەرگە تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتتىن 3 ـ 4 مىڭ كىلوگىرام، ئاق ئوغۇتتىن 25 كىلوگىرام، بىرىكمە ئوغۇتتىن 25 كىلوگىرام، فوسفورلۇق ئوغۇتتىن 35 كىلوگىرام، كالىيلىق ئوغۇتتىن 10 كىلوگىرام بېرىش كېرەك.

**3. يەرنى ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇن، تۇپراقتا يىلتىز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش دورىسىنى چېچىش:** ئادەتتە ھەر مو يەرگە دىكسون (敌克松) دورىسىدىن 1.2 كىلوگىرامغا 10 كىلوگىرام توپا ئارىلاشتۇرۇپ تەكشى چېچىش كېرەك. ئۇنداق قىلماي بىر كىلوگىرام باۋىستىن (多菌灵) دورىسىغا 10 كىلوگىرام توپا ئارىلاشتۇرۇپ چاچسىمۇ بولىدۇ.

**4. تېرىش:** تېرىشتىن بۇرۇن ئۇرۇقنى 1% لىك فورمالىن (福尔马林) ئېرىتمىسىگە بىر سائەت چىلاپ ياكى 60℃ لۇق سۇدا 6 ـ 8 سائەت چىلاپ، سۈزۈك سۇدا چايقىۋېتىپ، بىخلاندۇرۇپ تېرىش كېرەك.

**5. قوشۇمچە ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش:** ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش مىقدارى، قېتىم سانى ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. چۈنكى تارتماي سولىياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان بولسا، ئوغۇتلاشتا سۇيۇلدۇرۇپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. چۈنكى تارتىلغان ئېتىزلارغا ئوغۇتنى چۈنەكلەپ ياكى ئېرىقتىن ئېقىتىپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بىرىنچى قېتىم سويمىلىغاندا 10 ـ 15 كىلوگىرام مەخسۇس سۇيۇق ئوغۇت، ئىككىنچى قېتىم سويما يوغىناش مەزگىلىدە ھەر موغا 15 ـ 20 كىلوگىرام مەخسۇس سۇيۇق ئوغۇت بېرىلىدۇ.

**6. يوپۇرماق ئوغۇتى بېرىش:** كۆك چېچەك بولغاندىن باشلاپ، ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم 1% لىك ئىككى ئامونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) ئوغۇ-

تى، 0.3% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氯钾) ئېرىتمىسى، 0.3% لىك كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙) ئېرىتمىسىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ پۈركۈش لازىم.

**7. پىلەك ۋە سويما رەتلەش:** ئورنى نورمال بولمىغان سويمىلارنى زەخىملەندۈرمىگەن ئاساستا ئوڭشاش، پىلەكلەرنى رەتلەپ سويمىلارنى يېپىش ئارقىلىق ئاپتاپ چېقىۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**8. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** ئېگىز تاۋۇزغا كۆك پىت ۋە قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىق ھاشاراتلار، كېسەللىكلەردىن پىلەك قۇرۇش، ئاق توزان كېسىلى قاتارلىقلار زىيان سالىدۇ. (1) كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: ① سولىشىپ قۇرۇش كېسىلى: لىجۈنشا (利菌杀) نىڭ 800 - 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، كې كاڭلىڭ (可抗灵) نىڭ 800 - 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، پۇلىكې (普力克) نىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر 7 - 10 كۈندە بىر قېتىمدىن 2 - 3 قېتىم پۈركۈش كېرەك؛ ② يىلتىز چىرىش كېسىلى: يۇقىرىقى دورىلارنى تۈپ تۈۋىگە قۇيۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا دىكسون (敌克松) نى ۋە گېن شۇەي (根帅) دورىسىنى يىلتىزىغا قۇيۇش كېرەك. 500 گىرام دىكسوننى 50 كىلوگىرام سۇغا بىر كىلوگىرام گىن شۇەنى 50 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر تۈپكە 100 - 200 گىرامدىن قۇيۇش كېرەك. ③ ئاق توزان كېسىلى: تىرىئادىمىفون (粉锈宁) 800 - 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم جەمئىي 2 - 3 قېتىم پۈركۈش كېرەك. (2) زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: ① كۆكپىتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، راچىد (抗蚜威) نىڭ 800 - 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، فىنۋاللېرات (速灭杀丁) نىڭ 1000 - 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر 5 - 7 كۈندە بىر قېتىم، جەمئىي 2 - 3 قېتىم پۈركۈسە بولىدۇ؛ ② قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا شامەنجىڭ (杀满净) دورىسىنىڭ 1000 - 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، ئاۋېي جۈنسۇ (阿维菌素) دورىسىنىڭ 1000 - 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر 5 - 7 كۈندە بىر قېتىم، جەمئىي 2 - 3 قېتىم پۈركۈش كېرەك. دورا پۈركۈگەندە ئېتىزنىڭ تۆت ئەتراپىدىن ئىچىگە، يوپۇرماقنىڭ ئاستى - ئۈستىگە تەكشى پۈركۈش، تاۋۇز ئالا چىپار بولغاندا ھەرقانداق خىمىيەۋى دورىلارنى چېچىشنى توختىتىش كېرەك. (03)

# زاراڭزىنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

بەختىيار ئەبەيدۇللا
(ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك پەن ـ تەتقىقات ئىدارىسىدىن)

زاراڭزا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى زىرائەت ھېسابلىنىدۇ. زاراڭزىدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

**1. ئۇرۇق تاللاش:** سۈپەتلىك ئۇرۇق مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ھوسۇلى يۇقىرى، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، سۈپىتى ياخشى سورتلاردىن «شىنجاڭ زاراڭزىسى ـ 1»، «شىنجاڭ زاراڭزىسى ـ 2» قاتارلىقلارنى تېرىش كېرەك.

**2. مۇۋاپىق ۋاقىتتا تېرىش:** ئۇرۇق تېرىشتا ۋاقىتنى توغرا تاللاش ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا ھەرقايسى جايلار ئۇرۇق تېرىش ۋاقتىنى ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، مۇۋاپىق ۋاقىتنى تاللاپ تېرىسا بولىدۇ.

**3. مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى:** مايسا مەزگىلى ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقىپ تاكى غول تارتقۇچە بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەزگىلگە تەخمىنەن 35 ـ 40 كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ، بۇ مەزگىلدە مايسىنىڭ سۇ، ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى ئاشىدىغان مەزگىل بولغاچقا، ئېتىز ـ ئېرىق پەرۋىشىنى ئوبدان ئىشلەپ، مايسىنىڭ ساغلام يېتىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بۇ مەزگىلدە ئاساسلىقى ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش، تۇپراقنى يۇمشىتىش، مايسا تاقلاش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

**4. ئوغۇتلاش:** ئوغۇتلاشتا ئاساسىي ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم. ئاساسىي ئوغۇت ئۈچۈن ئىككى ئاممونىيلىق ئوغۇت (磷酸二铵) ئۇرۇق تېرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرگە 10 ـ 15 كىلوگىرام بېرىلىدۇ. قوشۇمچە ئوغۇتتىن ئازوتلۇق ئوغۇت ئاخىرقى سۇ- يىغە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرگە 10 ـ 15 كىلوگىرام بېرىلىدۇ.

**5. سۇغىرىش:** زاراڭزىنىڭ سۇغا بولغان تەلىپى تۆۋەن بولغاچقا، پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا 2 ـ 3 قېتىم سۇغارسا بولىدۇ. تۇنجى سۈيىنى پوقاق بولۇش مەزگىلىدە قويۇش، كېيىنكى سۈيىنى زاراڭزىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىغا قاراپ قويۇش كېرەك.

**6. چېچەكنى ۋاقتىدا يىغىش:** زاراڭزا چېچەكلەپ ئىككى كۈندىن كېيىن چېچەكنى يىغىۋالسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ. (02)

# مۆچنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

روشەنگۈل ھاجى
(قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك تەرەققىيات مەركىزىدىن)

**1. يەر گە ئىشلەش:** يەر شەكلى تۈز، تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، سۇ، ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان ئەت تۇپراقلار تاللىنىدۇ، مۆچنى تەكرار تېرىشقا بولمايدۇ، ئالدىنقى زىرائەتتى ئەڭ ياخشىسى بۇغداي، قوناق ياكى قوغۇن ـ تاۋۇز بولۇشى كېرەك. يەرنى كۈزدە شۇدىگەر قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرگە 15 ـ 20 كىلوگىرام ئورىيا (尿素)، 10 ـ 15 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت بېرىلىدۇ.

**2. سورت تاللاش:** بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن كېسەلگە چىدامىلىقى كۈچلۈك، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سورتلارنى تاللاش لازىم.

**3. ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار:** (1) مۇۋاپىق پەيتتە بالدۇر، سۈپەتلىك تېرىش كېرەك. ئادەتتە بەش سانتىمېتىرلىق تۇپراق تېمپېراتۇ-رىسى 10℃ قا مۇقىملاشقاندا تېرىلىدۇ؛ (2) چۆنەك تارتىپ سولىياۋ يوپۇق يېپىلىدۇ، ئىككى چۆنەك مەركىزىنىڭ ئارىلىقى 120 ـ 130 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقى 25 ـ 30 سانتىمېتىر بولۇپ، ھەر ئىككى تۈپتىن مايسا قال-دۇرۇلىدۇ، ھەر مودىكى نەزەرىيەۋى تۈپ سانى 6500 ـ 7000 تۈپ بولىدۇ.

**4. ئېتىز پەرۋىشى:** (1) مايسا كۆچۈرۈش ۋە تولۇقلاش: مۆچ مايىسىسى كۆرۈنگەندىن كېيىن ۋاقتىدا مايىسىنى تەكشۈرۈپ، مايسا كەم ئۈرۈنغا كۆ-چۈرۈش ئارقىلىق تولۇق مايىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؛ (2) كول-تىۋاتسىيە قىلىش، مايسا بېكىتىش: مۆچ مايىسىسىنى ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوت ـ چۆپ يوقىتىپ بالدۇر مايسا بەلگى-لەش لازىم. پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە 2 ـ 3 قېتىم 20 سانتى-مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولتىۋاتسىيە قىلىش كېرەك. مۆچ مايىسىسى 2 ـ 3 تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا مايسا تاقلاپ، ھەر ئۇۋىدا ئۈچ تۈپ مايسا قالدۇرۇلىدۇ. 4 ـ 5 تال ھەقىقىي يوپۇرماق بولغاندا مايسا تاقلاش ئاخىر-لىشىپ، ھەر ئۇۋىدا ئىككى تالدىن مايسا قالدۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر-گە تۈپ تۈۋىگە توپا يۆلىنىدۇ؛ (3) سۇغىرىش ئوغۇتلاش: مايسا مەزگىلىدە

سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەر مو يەرگە بەش كىلوگىرام ئوغۇت ئۈچ كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇت بېرىلىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى، ھەر مو يەرگە 15 كىلوگىرام ئورىيا، 20 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات، بەش كىلوگىرام كالىيلىق ئوغۇت بېرىلىدۇ. تۆپىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن يوپۇرماقتىن ئوغۇتلاشتا، ھەر مو ئۈچۈن 0.2 كىلوگىرام كالىي دى ھىدروفوسفات (磷酸二氢钾)، 0.1 كىلوگىرام ئورىيا ياكى ئامىنو كىسلاتالىق ئوغۇت (氨基酸肥) قوشۇپ، ھەر 10 كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈلىدۇ. تۇپراقنىڭ نەملىك ئەھۋالىغا ئاساسەن سۇ قويۇش لازىم، تۈنجى سۇينى قويۇپ 10 ـ 15 كۈندىن كېيىن 2 ـ سۇينى قويۇش لازىم، مۇچ چېچەكلەش مەزگىلىدە سۇغا بولغان ئېھتىياجى كۈچلۈك بولىدۇ. تۇپراقنىڭ نەملىك ئەھۋالى ياخشى بولغاندا سۇ قويۇش ۋاقتىنى 3 ـ 4 كۈن كېچىكتۈرۈپ مېۋىلەش ئورنىنى تۆۋەنلىتىش لازىم، پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە 5 ـ 6 قېتىم سۇغىرىلىدۇ. مېۋىسى قىزارغاندىن كېيىن سۇنى كونترول قىلىپ پىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم؛ (5) تىمەن مايسا يېتىشتۈرۈپ، پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، چېچەك، مېۋە تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مول ـ ھوسۇل ئېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**5. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) مۇچنىڭ كېسەللىكلىرىدىن ئاساسلىقى: تىك قۇرۇش كېسىلى، ۋىرۇس كېسىلى، زەمبۇرۇغ كېسىلى قاتارلىقلار بولۇپ، تىك قۇرۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مايسا تاقلاشتىن بۇرۇن مېتىل توپسىن (甲基托布津) دورىسىنىڭ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى پۈركۈلىدۇ. ۋىرۇس كېسىلىگە قارىتا 1.5% لىك جىبىگلىڭ (治病灵) دورىسىنىڭ 400 ـ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى پۈركۈلىدۇ، زەمبۇرۇغ كېسىلىگە قارىتا 72% لىك رىدومىل (甲霜灵锰锌) ياكى 50% لىك مىس رومىل (甲霜铜) نىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈلىدۇ؛ (2) مۇچقا زىيان سالىدىغان ھاشاراتلاردىن ئاساسلىقى يەر يولۋىسى، كۆك پىت، غوزا قۇرتى قاتارلىقلار بولۇپ، پىرتىرىن تۈرىدىكى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى، كارات (功夫)، ئىمىداكلورىد (吡虫啉) دورىسىنىڭ 1000 ـ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك. (03)

# بوغداي ئېكىلگەن ئېتىزغا تېرىلغان سەۋزە ئۇرۇقىنى بالدۇر ئۈندۈرۈش ئۇسۇلى

گۈلنىسا ھارىپ
(كورلا شەھىرى قوشئېرىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. شۇ يىلى يىغىۋېلىنغان ئۇرۇقنى تېرىش كېرەك. تېرىشتىن بۇرۇن بىخلاندۇرۇش تەجرىبىسى ئىشلەپ، ئامال بار بىخلىنىش نىسبىتى يۇقىرى، ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلارنى تېرىش لازىم. ئەگەر بىخلىنىش نىسبىتى بەك تۆۋەن ئۇرۇقنى تېرىشقا توغرا كەلسە، ئۇرۇق مىقدارىنى كۆپەيتىپ تېرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

2. ئۇرۇق پوستىدىكى تۈكچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۇرۇقنى مۇگگۈزسىمان قەۋىتىنى مەلۇم دەرىجىدە يېرىپ تېرىپ، ئۇرۇقنىڭ تېز سۇ ئەتتە بىخلىنىپ، ئۈنۈشنى تېزلىتىش كېرەك.

3. ئورمىدىن كېيىن يەرنى يۇمشاق، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تەكشى تۈزلەپ تېرىشقا تەييارلاش كېرەك.

4. تېرىش چوڭقۇرلۇقىنى مۇۋاپىق قىلىپ، ئۇرۇقنى تېرىغاندا 1.5 ـ 2.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

5. سەۋزىنى 2% ـ 4% كەرەپشە، تۇرۇپ ئۇرۇقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىسا، كەرەپشە بىلەن تۇرۇپنى بالدۇر ئۈنۈش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، سايە چۈشۈرۈپ، تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىپ، نەملىكنى ساقلاش رولىدىن پايدىلىنىپ، سەۋزە ئۇرۇقىنىڭ بالدۇر ئۈنۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

6. قۇرغاقچىلىق ياكى يامغۇر تەسىرىدىن تۇپراقنىڭ قاتتىقلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سەۋزە تېرىپ بولغاندىن كېيىن، ھۆللەنگەن شال پاخلى ياكى سامان يېپىۋېتىش، سەۋزە تولۇق ئۈنگەندىن كېيىن چۈشتىن كېيىن پاخال، سامانلارنى ئېلىۋېتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# ئۈستىقۇددۇس ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

ئابدۇساتتار غەنى
(غۇلجا شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

تەۋەيىمىزنىڭ كىلىماتى ئىللىق، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى يۇقىرى، ئەتىيازدا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى تېز، ياز پەسىللىك تېمپېراتۇرا بىرقەدەر يۇقىرى، كۈزلۈك ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، تەبئىي ئېكولوگىيەسى ئۆزگىچە بولۇپ ئۈستىقۇددۇس ئۆستۈرۈشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

**1. مۇھىتقا بولغان تەلىپى:** (1) تېمپېراتۇرا: ئۈستىقۇددۇس ئۇ-رۇقى 13.5℃ ـ 28℃ لۇق شارائىتتا بىخلىنالايدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان تېمپېراتۇرا 26℃ ـ 28℃ بو-لۇپ، تېمپېراتۇرا 38℃ تىن ئېشىپ كەتسە، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پاي-دىسىز، تېمپېراتۇرا 40℃ قا يەتكەندە ئۆسۈشتىن توختايدۇ؛ (2) نەم-لىك: ئۈستىقۇددۇسنىڭ قۇرغاقچىلىققا چىدامچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، بەش سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق نەملىكى 6.6%، 10 سانتى-مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق نەملىكى 10.2% بولغان شارائىتتىمۇ يەنىلا ئۆسەلەيدۇ؛ (3) يورۇقلۇق: يورۇتۇش ۋاقتى 1244 ـ 2820 سائەت بولغاندا ئەڭ ياخشى ئۆسەلەيدۇ ھەم مەھسۇلات سۈپىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ؛ (4) ئۈستىقۇددۇس نېيترال ياكى ئاجىز ئىشقارلىق تۇپراقتا ياخشى ئۆسەلەيدۇ، ئا-دەتتە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 480 ـ 1600 مېتىر بولغان ئورۇنلاردا ئۆس-تۈرۈشكە ئەڭ ماس كېلىدۇ.

**2. مايسا يېتىشتۈرۈش:** ئۈستىقۇددۇس سىرتتىن چاڭلىنىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، تېرىپ كۆپەيتىشكە تازا ماس كەلمەيدۇ. ئادەتتە كۆ-پىنچە قەلەمچە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ. بۇنداق كۆپەيت-كەندە سورتنىڭ ئەسلىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. كونكرېت ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە: (1) قەلەمچە تىكىش ۋاقتى ۋە قەلەمچە تاللاش: كۈزدە 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تىكىلىدۇ، شۇ يىلى ئۆسكەن، غۇنچىلىمىغان، توم شاخ قەلەمچە قىلى-نىپ، 8 ـ 10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ تىكىلىدۇ. (2) قەلەم-چىنى بىر تەرەپ قىلىش: كېسىۋېلىنغان شاخنىڭ سۇسىزلىنىپ، تۇ-تۇش نىسبىتىگە تەسىر يېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سالقىن ئو-

رۇندا سۇ پۈركۈپ ساقلىنىدۇ، قەلەمچىنى تىكىشتىن بۇرۇن ABT يىلتىزلىتىش پاراشوكى قاتارلىق يىلتىزنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى دورىلارغا چىلاپ تىككەندە قەلەمچىنىڭ يىلتىز چىقىرىش نىسبىتىنى 90% گە يەتكۈزگىلى بولىدۇ؛ (3) يەر تۈزلەش ۋە قەلەمچە تىكىش: يەر چوڭقۇر ئاغدۇرۇلۇپ تەكشى تۈزلەنگەندىن كېيىن، كەڭلىكى ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىرلىق مايسىزارلىق تەييارلىنىدۇ. تەييارلانغان مايسىزارلىققا قەلەمچىنى تىكىشتىن بۇرۇن تېمپېراتۇرا، نەملىكنى مۇۋاپىق ساقلاش ئۈچۈن سولياۋ يوپۇق يېپىلىدۇ. بۇ قەلەمچىنىڭ يىلتىز تارتىشىغا پايدىلىق بولۇپ، قەلەمچە ئادەتتە 4 ـ 5 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا، قۇر ئارىلىقىنى 20 ـ 25 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقى 6 ـ 8 سانتىمېتىر قىلىپ تىكىلىدۇ. قەلەمچىنى مايسىزارلىققا تىكىپ، شۇ كۈنى دەرھال سۇغىرىش لازىم. ئۈششۈك چۈشۈشتىن بۇرۇن تىكىلگەن قەلەمچىلەر ئۈستىگە غازاڭ قاتارلىقلارنى يېپىش ئارقىلىق، قەلەمچىنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. كېلەر يىلى ئەتىيازدا يەر ئېرىگەندىن كېيىن، قەلەمچە ئۈستىگە يېپىلغان غازاڭلارنى پاكىزە ئېلىۋېتىپ، قەلەمچىنى قايتا تىكىش لازىم. (5) ئوغۇتلاش: يەرنى ئاغدۇرۇپ تۈزلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، ھەرمو يەرگە 2 ـ 3 توننا مەھەللىۋى ئوغۇت بېرىش، بىخلىنىپ بەش سانتىمېتىرغا يەتكەندە، قەلەمچە تۈپىدىن 8 ـ 10 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 8 ـ 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا بەش كىلوگىرام ئۇرىيا، 10 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) بىلەن بىر قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى 10 كىلوگىرام ئۇرىيا (尿素)، 10 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات بىلەن يەنە بىر قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆسۈشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) ۋە ئۇرىيا ئوغۇتىنى ئاساس قىلىپ، ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا ئۈچ قېتىم يوپۇرماقتىن پۈركۈش لازىم؛ (6) مايسا مەزگىلىدىكى باشقۇرۇش: ئۆستىقۇددۇسنى مايسا مەزگىلىدە مۇۋاپىق چاتاپ، مۇۋاپىق دەرىجىدە شاخلارنى رەتلەپ، ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا 6 ـ ۋە 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يەنە ئىككى قېتىم پۇتاپ، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى يېتىلگەن تۈپلەرنى مايسىزارلىقتىن چىقىرىش لازىم. (02)

# كۆزلۈك بەرەڭگە ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

نۇرئەخمەت يۇسىيىن
(پوسكام ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)
ئابدۇرۇسۇل راخمان
(پوسكام ناھىيەلىك سۇپەتلىك سورت يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىن)

1. **يەرگە ئىشلەش:** ئاساسلىقى يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش 20 ـ 25 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ سۆرەم سېلىپ، يەرنى تەكشى، بوش، نەملىك ساقلايدىغان قىلىش لازىم. ئوغۇتلىغاندا يەر ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇن ھەر مو يەرگە مەھەللىۋى ئوغۇتتىن 2000 كىلوگىرام، ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) 30 كىلوگىرام، كالىي سۇلفات (磷酸钾) 20 كىلوگىرام، ئازوت ـ كالىي، فوسفورلۇق بىرىكمە ئوغۇتىدىن 50 كىلوگىرام بېرىش كېرەك. قىر ـ كەڭلىكىنى 100 ـ 110 سانتىمېتىر، چۆنەك كەڭلىكىنى 50 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكىنى 35 سانتىمېتىر قىلىش لازىم.

2. **ئۇرۇق تاللاش:** ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇرۇق تاللىنىدۇ، كېسەللىك ۋە مىكروبى ئېلىپ يۈرگەن ئۇرۇقلار شاللىۋېتىلىدۇ.

3. **بىخلاندۇرۇش:** تېرىشتىن 15 ـ 20 كۈن بۇرۇن پوستى پارقىراق، كۆزى تولغان بەرەڭگە پارچىلىرى تاللاپ بىخلاندۇرۇلىدۇ. كۆزلۈك بەرەڭگىنى تېرىشتا ئاساسلىقى گىبېرىللىن (赤霉素 920) ئېرىتمىسىگە چىلاپ، تىنچلىنىش مەزگىلىنى بۇزۇپ ئاندىن بىخلاندۇرۇش لازىم. بىخلاندۇرۇشتا ھەربىر گىرام گىبېرىللىننى 80 كىلوگىرام سۇدا ئېرىتىپ، بەرەڭگىنى 20 ـ 30 مىنۇت چىلاپ، ئاندىن كېيىن سۈزۈۋېلىپ سالقىن جايدا پارچىلاش لازىم. پارچىلىغاندىن يەر يۈزىگە ئىككى مېتىر كەڭلىكتە 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يېيىتىپ، ئۈستى، ئەتراپى نەم قۇم بىلەن كۆمۈلىدۇ. بىخ ئۆسۈپ ئىككى سانتىمېتىر بولغان چاغدا بەرەڭگە پارچىلىرى ئاجىز كۈن نۇرىدا ئاپتاپقا سېلىنىپ، بىخ يېشىل رەڭگە كىرىپ تىمەن بولغاندا تېرىلىدۇ.

4. **تېرىش:** بىخلىنىپ چىققان بەرەڭگىنى قىر ئۈستىگە قۇر ئارىلىقى ـ

نى 20 سانتىمېتىر، توپ ئارىلىقىنى 25 سانتىمېتىر قىلىپ، ئۆلچەم بويىچە 8 ـ 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئۇۋىلاپ تېرىپ، ئۇستىنى نەم توپا بىلەن كۆمۈش كېرەك. تېرىغاندىن كېيىن تېمپېراتۇرا بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ قالسا ئۆز ۋاقتىدا سۇغىرىپ تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش لازىم.

**5. تۇۋىنى بوشىتىپ توپا يۆلەش ۋە ئوت يوقىتىش:** ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ تۇۋىنى بوشىتىپ توپا يۆلەش كېرەك. بىرىنچى قېتىملىقى مايسا ئۆسۈپ بەش سانتىمېتىر بولغاندا تۇۋىنى بوشىتىپ ئوت ـ چۆپ يوقىتىش ئاساس قىلىنىدۇ، ئىككىنچى قېتىم غۇنچىلاشتىن مايسا تۇۋىگە ھەم كەڭ ھەم قېلىن توپا يۆلىنىدۇ، ئادەتتە ئالتە سانتىمېتىردىن يۇقىرى قېلىنلىقتا توپا يۆلىنىدۇ.

**6. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** كېيىن يۇقۇملىنىش كېسىلى، يوپۇرماق ئۇچى ۋە گىرۋەكلىرىدە سۇس قوڭۇر رەڭلىك كېسەللىك دېغى پەيدا قىلىپ، تەدرىجىي قارامتۇل يېشىل رەڭگە كىرىدۇ، يوپۇرماقنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئاق رەڭلىك پاختىسىمان ماددا بولۇپ ھاۋا قۇرغاقلاشسا قۇرۇيدۇ، ھاۋا نەملەشسە سېسىيدۇ. بالدۇر يۇقۇملىنىش كېسىلىنىڭ ئالامىتىدە بولسا ئۆسۈملۈكنىڭ ئاستى قىسمىدىكى قېرى يوپۇرماقلىرىدا قۇرغاق يۇملاق ياكى تۇخۇمسىمان كېسەللىك دېغى پەيدا بولىدۇ. خۇددى دەرەخنىڭ يىل چەمبىرىكى ئوخشاش بولۇپ، كېسەللىك دېغى كېڭەيگەندىن كېيىن يوپۇرماق رەڭگى سۇسلىشىپ نابۇت بولىدۇ، ئادەتتە يوپۇرماق تۆكۈلمەيدۇ. كېيىن يۇقۇملىنىش كېسەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، ئادەتتە دورا ئارقىلىق يوقىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، يەنى مايسا بەش سانتىمېتىر ئۆسكەندە بىرىنچى قېتىم دورا چېچىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا 70% لىك تىرىزىمان (代森锰锌) ياكى 80% لىك داشېڭ (大生) نەملىنىشچان پاراشوكىدىن 100 گىرامنى 40 كىلوگىرام سۇدا ئېرىتىپ چېچىش كېرەك، مايسا 10 سانتىمېتىر ئەترا-

# يوپۇرماق ئوغۇتىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

روزىمەمەت مەتتۇرسۇن   نۇرمەمەت ماخسۇت   ئاتاۋۇللا غوجابدۇللا
(قاراقاش ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

نۆۋەتتە كۆكتات ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشتە يوپۇرماق ئوغۇتى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى يوپۇرماق ئوغۇتى كۆكتات مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، مەھسۇلاتنى 10% ـ 20% كىچە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. لېكىن ئىشلىتىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولماسلىقى سەۋەبىدىن، دورىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن ھەتتا دورىنىڭ زىيىنى تۈپەيلىدىن مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

1. يوپۇرماق ئوغۇتىنى مۇۋاپىق ۋاقىتىدا ئىشلىتىش: تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ كۆكتاتلار ئۆسۈش جەريانىدا كۆپ مىقداردىكى ئوزۇقلۇقنى سەرپ قىلىدۇ، بولۇپمۇ مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىرىدە ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجى يۇقىرىلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا دەل كالتىسىي، سىنك، تۆمۈر تەركىبى مول مىكرو ئېلېمېنتلىق يوپۇرماق ئوغۇتىنى

---

پىغا ئۆسكەندە 25% لىك ياكى 35% لىك رېئومىل (甲霜灵) نى ھەر موغا 250 گىرامنى 50 كىلوگىرام سۇدا ئېرىتىپ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم دورا ئالماشتۇرۇپ، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم چېچىش لازىم. كۆكپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا ھەر موغا 25% لىك د د ۋ (敌敌畏) نى 50 كىلوگىرام سۇدا ئېرىتىپ چاچسا بولىدۇ.

**7. ھوسۇل يىغىش ۋە ساقلاش:** كۈزلۈك بەرەڭگە ئادەتتە دەسلەپكى قىروۋ چۈشكەندىن كېيىن، يەر ئۈستى قىسىملىرى قۇرىغاندا يىغىۋېلىنىدۇ. ھوسۇلنى يىغقاندا ئادەتتە 20 مىنۇت ئاپتاپقا سېلىنىپ خالتىغا قاچىلىنىدۇ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سالقىن، كۈن نۇرى بىۋاسىتە چۈشمەيدىغان جايدا ساقلىنىدۇ. (03)

ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەندە، سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتقا كاپالەت-
لىك قىلغىلى بولىدۇ.

2. ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان يوپۇرماق ئوغۇتىنىڭ تۈرى كۆپ بول-
ماسلىق، ئامال بار ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتمەسلىك لازىم. ئەمەلىي مەشغۇلات
جەريانىدا بىر نەچچە خىل يوپۇرماق ئوغۇتىنى بىرگە ئىشلەتمەسلىك ۋە يا-
كى بۇگۈن بىر خىل يوپۇرماق ئوغۇتىنى، ئەتە يەنە بىر خىل ئوغۇتىنى
چاچماسلىق لازىم. شۇ جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ كۆپ بولغاندا ئىككى
خىلدىن ئارتۇق يوپۇرماق ئوغۇتىنى بىرگە چاچماسلىق، بولۇپمۇ مۇۋاپىق بىد-
خەتەرلىك ئارىلىقى قالدۇرۇپ ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

3. يوپۇرماق ئوغۇتىنى ئاساسىي ئوغۇت ئورنىدا ئىشلەتمەسلىك لازىم.
ياخشى يوپۇرماق ئوغۇتىنىڭ كۆرۈنەرلىك مەھسۇلات ئاشۇرۇش ئۈنۈمى بو-
لۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆسۈملۈك سورتىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە چىدامچان-
قىنى ئاشۇرۇش رولى بار، بىراق ئۇ پەقەت ئاساسىي ئوغۇت شارائىتى ياخ-
شى، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات بولمىغان، ئوت - چۆپ يوق شارائىتتا
ئاندىن رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، شۇڭا يوپۇرماق ئوغۇتىغا بەك تايىنىۋال-
ماسلىق لازىم.

4. ئىشلىتىش مىقدارى بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىك لازىم. ئوغۇتنى
پۈركۈگەندە ئەڭ مۇۋاپىق قويۇقلۇقىنى ئاساس قىلىپ پۈركۈش كېرەك.
ئوغۇتىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىگە ياخشى دىققەت قىلىش، ئادەتتە پۈركۈش
ۋاقتى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى سائەت 10 دىن بۇرۇن ياكى تۆتتىن كېيىن
بولسا مۇۋاپىق. ئادەتتە يوپۇرماق، غول قىسىملىرىنى ئاساس قىلىپ پۈر-
كۈش، يامغۇر ياغقان، چۈش ۋاقىتلىرىدا، كۈچلۈك چاڭ - توزان كۈنلىرى
دورا چاچماسلىق لازىم.

5. ئېھتىياجغا قاراپ كېسەل، ھاشارات يوقاتقۇچى دورا بىلەن ئارىلاش-
تۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا قوش ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى

ھەم ئەمگەك كۈچىنى تېجىگىلى بولىدۇ. لېكىن دورىنىڭ كىسلاتا ئىشقار-لىق دەرىجىسى مۇۋاپىق بولۇشى لازىم، يوپۇرماق ئوغۇتىنى ئىشلىتىشتە يۇقىرىقى ئۇسۇللارغا ئەمەل قىلغاندىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك. (1) ۋاقتى: شۇ خىل ئۆسۈملۈك ئېھتىياجلىق ۋاقىتتا ئىشلىتىش لازىم. ① كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغاندا، يوپۇرماق ئوغۇتى ئىشلەتكەندە، تۇپىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇ-رۇش كۈچى ئاشىدۇ؛ ② تۇپراقنىڭ كىسلاتا ـ ئىشقارلىق دەرىجىسى مۇۋا-پىق بولغاندا ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدىن ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈشى ئاجىزراق بولىدۇ؛ ③ مېۋىلەش مەزگىلىدە ۋاقتىدا مۇۋاپىق ئوغۇتلاش لازىم؛ ④ ئىسسىق، سوغۇق ھاۋانىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغاندا، يوپۇرماق ئوغۇتى چېچىش ئارقىلىق زىياننى ئازايتقىلى بولىدۇ. (2) مۇۋاپىق يوپۇرماق ئوغۇتىنى تاللاش: ئۆسۈملۈك ئۆسۈشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۆسۈشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئۆسۈشنى تەڭشىگۈچى تىپىدىكى يوپۇرماق ئوغۇتىنى تاللاش، ئە-گەر ئۆسۈملۈككە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ۋە ياكى يىلتىز سىستېمىسىد-نىڭ سۇ سۈمۈرۈش ئىقتىدارى ناچار بولسا، ئۆسۈشنىڭ ئاخىرقى مەزگىد-لىدە ئورىيا، كالىي ھىدرو فوسفات، كالىي سۇلفات، كالتسىي سۇپېر فوسفات قاتارلىق ئوزۇقلۇق تىپىدىكى يوپۇرماق ئوغۇتىنى ئىشلىتىش لازىم. (3) تەكشى پۈركۈش: ئوغۇت پۈركۈگەندە پۈركۈش ماشىنىسىنى تۇ-مانلىتىپ پۈركۈش ھالىتىگە تەڭشەپ، نوتا، يوپۇرماقلارنىڭ كەينىگە تەك-شى كۆپرەك چېچىش كېرەك. (4) شارائىت يار بەرسە دورىنى تەڭشىگەندە نەملەشتۈرگۈچى پاراشوك ياكى سۇيۇقلۇقتىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇۋې-تىش لازىم، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ئوغۇتنىڭ يوپۇرماققا سىڭىشىنى تېز-لىتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرىدۇ. (05)

# پاتقاق گازى ئوغۇتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۇسۇلى

ياقۇپ ئۆمەر
(باي ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىدىن)

1. پاتقاق گازى ئوغۇتى بىيولوگىيەلىك ماددىلارنىڭ پاتقاق گازى كۆلچىكىدە ئوكسىگېنسىز شارائىتتا چىرىگەندە ھاسىل بولغان مەھسۇلات بولۇپ، زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەلا سۈپەتلىك ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. پاتقاق گازى ئوغۇتى تەركىبىدە ئازوت، فوسفور، كالىي، ناترىي، ۋولفرام قاتارلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلار مول بولىدۇ. پاتقاق گازى كۆلچىكى قالدۇقى پارچىلىنىدىغان خام ئەشيالار ۋە يېغىندىن شەكىللەنگەن مىكرو ئورگانىزىم زەمبۇرۇغ تەنچىسىدىن تەشكىل تاپىدىغان بولۇپ، ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: (1) ئورگانىك چىرىندى كىسلاتا تۇپراقنى ياخشىلاشتا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ؛ (2) ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئېلېمېنتلار زىرائەتنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ؛ (3) تولۇق چىرىمىگەن ماتېرىياللار بىلەن مېۋىلىك دەرەخ ۋە بەزى زىرائەتلەرنى ئوغۇتلىسا، يەرئاستىدا داۋاملىق چىرىپ زىرائەتلەرنى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2. مېۋىلىك دەرەخنىڭ چېچەك ۋە مېۋىلىرىنى ساقلاش ھەمدە كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈچۈن، پاتقاق گازى چىرىندى سۈيۇقلۇقىنى مېۋىلىك دەرەخلەرگە پۈركۈسە، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى بەلگىلىك دەرىجىدە يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. قىزىل ئۆمۈچۈك، قاسراقلىق قۇرت قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈنۈمى 94% تىن ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چېچەك، مېۋىلەرنى ساقلاش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، مەھسۇلاتى ئاشىدۇ.

پاتقاق گازى چىرىندى سۈيۇقلۇقى پۈركۈشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: چوقۇم نورمال گاز چىقىۋاتقىلى ئۈچ ئايدىن ئاشقان پاتقاق گازى كۆلچىكىنىڭ چىرىندى سۈيۇقلىقىنى پۈركۈش، ئەمما تېمپېراتۇرا يۇقىرى ۋاقىتتا

پۈركۈمەسلىك (بولمىسا يوپۇرماقنى كۆيدۈرىۋېتىدۇ)، ئىمكانقەدەر يوپۇرماق كەينىگە پۈركۈش (چۈنكى يوپۇرماق كەينىدە ھاۋا تۆشۈكچىلىرى كۆپ بولغاچقا ئاسان سۈمۈرەلەيدۇ)، دەرەخ ئەھۋالىغا قاراپ پۈركۈش، زىياندash ھاشاراتلار بەك كۆپ بولسا، ئىرىتمىگە مۇۋاپىق مىقداردا ھاشارات يوقىتىش دورىسى قوشۇش، مەسىلەن: ئاكارون (杀虫脒) نى پۈركۈش؛ يىلتىزىدىن ئوغۇتلىغاندا كۆچەتلەرنىڭ ئەتراپىنى ھالقىسىمان كولاپ، ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن توپا بىلەن كۆمۈش كېرەك.

3. يوپۇرماققا پۈركۈش: (1) تېخنىكىلىق مۇھىم نوقتىلار: ① پاتقاق گازى سۈيى: گاز چىقىشى بىر ئايدىن ئاشقان پاتقاق گازى كۆلچىكىدىن ئېلىپ، سۈزۈۋېتىپ پۈركۈش كېرەك. ② 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم پۈركۈش لازىم. ③ زىرائەت ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە ھاۋا ئوچۇق كۈنى چۈشتىن كېيىن پۈركۈش كېرەك. ④ پاتقاق گازى سۈيىنىڭ قويۇقلۇقىنى، زىرائەت تۈرى، پەسىل، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى قاتارلىقلارغا قاراپ بەلگىلەش لازىم. پىرىنسىپى: كۆچەت، يۇمران يوپۇرماق مەزگىلىدە بىر ئۈلۈش پاتقاق گازى سۈيىگە 1 ـ 2 ئۈلۈش سۈزۈك سۇ قوشۇش كېرەك. يازدا تېمپېراتۇرا يۇقىرى مەزگىلدە بىر ئۈلۈش پاتقاق گازى سۈيىگە بىر ئۈلۈش سۈزۈك سۇ قوشۇش كېرەك. تېمپېراتۇرا نىسبەتەن تۆۋەن مەزگىلدە كونا يوپۇرماقلارغا سۇ قوشماي پۈركۈسىمۇ بولىدۇ؛ ⑤ ھەر مو يەرگە 40 كىلوگىرام ئەتراپىدا ئىشلەتسە مۇۋاپىق بولىدۇ. (2) دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: ① پاتقاق گازى سۈيىنى ياخشى سۈزۈپ، پۈركۈگۈچنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىنىڭ ۋە ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ② پاتقاق گازى سۈيىنىڭ قويۇقلۇقى بەك يۇقىرى بولۇپكەتمەسلىكى كېرەك. ئادەتتە 1 ـ 2 ئۈلۈش سۇ قوشسا بولىدۇ. ③ يوپۇرماق كەينىنى ئاساس قىلىپ پۈركۈپ، سۈمۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ④ چۈشتىن بۇرۇن شەبنەم قۇرىغاندىن كېيىن پۈركۈش، يازدا كەچقۇرۇنلىقى پۈركۈش، چۈشلۈكى ۋە قاتتىق يامغۇر ياغقاندا پۈركۈمەسلىك كېرەك. (05)

# يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەزنى ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

نامانجان ياسىن
(يوپۇرغا ناھىيە ئاخۇنلۇقۇم يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

كېۋەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بىر قەدەر ئۇزۇن، ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجى كۆپ، ئوغۇتلاش ئۇسۇلىغا بولغان تەلەپ قاتتىق زىرائەت. كېۋەزنى مۇۋاپىق، ئىلمىي ئوغۇتلىغاندا، كېۋەزدىن سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزلىرىنى ئوغۇتلاشتا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزلىرىنىڭ ئوغۇت ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىشلىتىلىدىغان خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا پاختا مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خىمىيەۋى ئوغۇتقا بولغان سېلىنما ئاشتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارى سەل ئاشقان، لېكىن تۇپراقنىڭ ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىدا ئۆزگىرىش ئانچە چوڭ بولمىغان. شۇڭا يەنىلا خىمىيەلىك ئوغۇتقا بولغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، پاختا مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. كېۋەزنىڭ كۆك چېچەك مەزگىلىدىن بۇرۇن كۆندىلىك ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈش مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ، كېۋەز تازا كۆك چېچەك بولغاندىن باشلاپ ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىغا كىرىپ، ئوزۇقلىنىپ ئۆسۈشى ئىنتايىن تېزلىشىدۇ. دېمەك، ئۆسۈش جەريانىدا كېۋەزنى كۆپ مىقداردىكى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىگەندىلا، ئاندىن كېۋەزنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۈستى قىسمى كۆپلەپ غوزا تۇتۇپ، غوزا ئېغىرلىقى ئاشىدۇ. شۇڭا يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزلىرىنى ئوغۇتلاشتا ئاساسىي ئوغۇت بىلەن چېچەك ئوغۇتىنىڭ مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. ئورگانىك ئوغۇتنىڭ مىقدارى بىلەن سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئورگانىك ئوغۇت زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇ-

رۇش بىلەن بىرگە، تۇپراقنىڭ سۇ، ئوغۇت، ھاۋا، ئىسسىقلىق ساقلاش ئىقتىدارىنى تەڭشەپ، تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلايدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا كېۋەز كۆلىمى ۋە ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، يېشىل ئوغۇت مىقدارى ئازلاپ، ئورگانىك ئوغۇت مىقدارى يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەكتە. يەنە بەزى دېھقانلار ئورگا-نىك ئوغۇت مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، توپلىغان ئورگانىك ئوغۇتقا قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، چىرىتمايلا ئېتىزغا تۆكۈپ ئورگانىك ئو-غۇتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلمايۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شاخ ـ شۇمبىلارنى ئېتىزغا قايتۇرۇش ۋە كۈنجۈرە ئىشلىتىش تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدار-لىقىنى ئاشۇرۇشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر ھېسابلىنىدۇ.

3. كېۋەزنى قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا، ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىشكە كاپالەت-لىك قىلىپ، قوشۇمچە ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش لازىم. كېۋەز تېرىل-غۇسىدا، خىمىيە ئوغۇتنى يەر ھەيدەشكە بىرلەشتۈرۈپ، 20سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا پۈتۈن قاتلام بويىچە ئوغۇتلاش كېرەك، ئەمما قوشۇمچە ئوغۇت بەرگەندە ئورەك چوڭقۇرلۇقى تېيىز بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى ئومۇميۈز-لۈك مەۋجۇت. قوشۇمچە ئوغۇت ئادەتتە 10 سانتىمېتىردىن چوڭقۇر بېرىد-لىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئورىيانى چوڭقۇر بەرگەندە ئازوت ئېلېمېنتىنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئازايتىپ، ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆ-تۈرگىلى بولىدۇ.

4. يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزلىرىغا چوقۇم كالىي ئوغۇتى ئىش-لىتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، تۇپراقتىكى تېز ئۈنۈملۈك كالىينىڭ ئومۇمىي مىقدارى 134.7 كىلوگىرام/مىللىگىرام بولۇپ، ئوتتۇراھالدىن تۆۋەنرەك ئىكەن. بۇنىڭ كالىي ئوغۇتىغا ئېھتىياجى ئاز بولغان زىرائەت بىلەن تۆۋەن ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزىغا تەسىرى ئانچە چوڭ ئەمەس، ئەمما يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزلىرىغا نىسبەتەن مەھسۇلات ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. كالىي ئوغۇتى زىرائەتلەرنىڭ فوتوسىنتېز رولىنى ياخشىلاپ،

پاختا تالا سوپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ رولىنى كۈچەيـ-
تىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، تالا چىڭلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

5. يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزلىرىغا مۇۋاپىق مىقداردا مىكرو ئېـ-
لېمېنتلىق ئوغۇتلارنى تولۇقلاش كېرەك. مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇت
زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىدە كەم بولسا بولمايدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز
بەزى جايلىرىنىڭ تۇپرىقىدا بور ئېلېمېنتى بىلەن سىنك ئېلېمېنتى ئو-
مۇميۈزلۈك يېتەرلىك بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزى جايلاردىكى تۇپراقلاردا
بور ئېلېمېنتى بىلەن سىنك ئېلېمېنتى يېتىشمەيدۇ. كېۋەز بور ئېلېمېنـ-
تىغا ئىنتايىن سەزگۈر زىرائەت، بور ئېلېمېنتى كېۋەزنىڭ چېچەكلىشىنى
ۋە غوزا تۇتۇشىنى تېزلىتىپ، غۇنچە غوزىلارنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئازايتىدۇ،
سىنك كېۋەزنىڭ فوتوسىنتېز رولىنى ياخشىلاپ، بالدۇر چېچەكلىتىپ،
غوزىنىڭ ئېچىلىشىنى تېزلىتىدۇ.

6. يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەزلىكلەرنى يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاشقا
ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش — كېۋەزگە مۇۋا-
پىق پەيتتە ئوغۇت تولۇقلاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. نۆۋەتتە شىنجاڭ يېزد-
لىرىدا كېۋەزگە ئومۇميۈزلۈك يوپۇرماق ئوغۇتى ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن يو-
پۇرماق ئوغۇتىنىڭ تۈرى كۆپ بولغاچقا، ئىشلىتىشتە قارىغۇلارچە ئىشلە-
تىش ئەھۋالى مەۋجۇت. شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېۋەز ئىشلەپچىقى-
رىش ئەھۋالى ۋە يوپۇرماق ئوغۇتىنىڭ ئۈنۈمىگە ئاساسەن، كېۋەزگە مايسا
مەزگىلىدە 150 كىلوگىرام كالىي دىھىدروفوسفات (磷酸二氢钾) قا 100
گىرام ئورىيا (尿素) قوشۇپ، 20 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ پۈر-
كۈش، كۆك چېچەك مەزگىلىدە 150 گىرام كالىي دىھىدروفوسفاتقا سەك-
كىز گىرام بور ئوغۇتى، 80 گىرام سىنك سۇلفات قوشۇپ، 25 كىلوگىرام
سۇدا ئېرىتىپ پۈركۈش، غوزىلاش مەزگىلىدە 200 گىرام كالىي دىھىدرو-
فوسفاتقا 200 گىرام ئورىيانى قوشۇپ، 30 كىلوگىرام سۇدا ئېرىتىپ
پۈركۈش كېرەك. (05)

# بوغدايدىكى ئازوت، كالىي يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇلى

ئەبەي ئوسمان
(بوگۇر ناھىيە يېڭىسار بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)
روشەنگۈل لېتىپ
(بوگۇر ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

ئازوت ۋە كالىي زىرائەتلەردە كەم بولسا بولمايدىغان ئېلېمېنتلار بولۇپ، قايسى ئېلېمېنت كەم بولسا زىرائەتتە شۇ خىل ئېلېمېنتنىڭ يېتىشمەسلىك ئالامىتى ئىپادىلىنىدۇ، ھەتتا زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلاش، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، مەھسۇلاتنى زور مىقداردا كېمەيتىۋېتىدۇ. تۆۋەندە بوغدايدا ئازوت، كالىي كەم بولسا كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر ۋە تولۇقلاش ئۇسۇلى ئۈستىدە توختىلىمىز.

**ئازوت:** ئازوت ئاقسىلنى تۈزگۈچى ئاساسلىق ماددا بولۇپ، غول ۋە يوپۇرماقنىڭ ئۆسۈشى ۋە مېۋىنىڭ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان ھەم مەھسۇلات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئوغۇتتۇر. بوغداي باشقى يوغىناشتىن ئىلگىرى تۈپىنىڭ ئازوتقا بولغان ئېھتىياجى بارغانسېرى ئاشىدۇ.

ئازوت يېتىشمەسلىك ئالامىتى: بوغدايدا ئازوت ئېلېمېنتى كەم بولغاندا تۈپىنىڭ ئۆسۈشى ناچارلىشىپ، مايسىسى ئورۇق، ئىنچىكە ئۆسىدۇ. تۈپلىنىشى ئاز، يوپۇرمىقى تار ۋە ئىنچىكە بولۇپ، تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقتىن ئۇچىدىكى يوچۇرماققىچە ئاستا - ئاستا سارغىيىپ قۇرۇيدۇ ھەمدە بارغانچە ئۈستىگە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.

تولۇقلاش ئۇسۇلى: مايسا مەزگىلىدە ئازوت ئېلېمېنتى كەم بولغاندا، ھەر موغا 7 ـ 8 كىلوگىرام ئورىيا (尿素) ياكى گەندە ـ سۈيدۈك ئارىلاشمىسىدىن 600 ـ700 كىلوگىرامنى چۆنەك ئېچىپ بېرىش ياكى سۇدا ئېر-

قتىپ ئوغۇتلاش لازىم. كېيىنكى مەزگىلدە 2% لىك ئازوت ئېرىتمىسىنى يوپۇرماقتىن چېچىپ ئوغۇتلاش كېرەك.

**كالىي:** كالىي بۇغداي غولىنىڭ تىمەن بولىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مېۋە سۈپىتىنى ياخشىلاپ، مايسىنىڭ سوغاققا چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، مېۋىدىكى قەنت ۋە ۋىتامىن C نىڭ مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئازوت ۋە فوسفورغا ئوخشاشلا كالىي يېتىشمىسە ئاۋۋال يوپۇرماقتا بىر قىسىم ئالا ـ مەتلەر ئىپادىلىنىدۇ. كالىي ئېلېمېنتى ماددا ئالماشتۇرۇش توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، فوتوسىنتېز رولى تۆرمۇزلىنىپ، نەپەسلىنىش رولى كۈچىيىدۇ. شۇڭا كالىي كەم بولغاندا مايسىنىڭ ناچار شارائىتقا قارشى تۇرۇش كۈچى ئا ـ جىزلاپ، ئاسانلا كېسەللىك زىيىنىغا ئۇچراپ، مەھسۇلات سۈپىتى تۆۋەنلەيدۇ.

كالىي يېتىشمەسلىك ئالامىتى: بۇغدايدا كالىي يېتىشمىسە مايسىنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلاپ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ يېتىلىشى ناچارلاپ، ئاسانلا چىرىيدۇ، غولى پاكارلاپ، يوپۇرماق قىنىق يېشىل ياكى كۆك رەڭگە ئۆز ـ گىرىپ يېرىلىدۇ. يوپۇرماق ئۇچى ۋە گىرۋىكى سارغىيىدۇ، ئاخىرىدا قۇ ـ رۇپ كېتىدۇ. لېكىن غول قىسمى يەنىلا كۆك رەڭدە بولىدۇ، ئېغىر بول ـ غاندا پۈتۈن يوپۇرماق قۇرۇپ، ئاسانلا يېتىۋالىدۇ، مايسا بالدۇر زەئىپلىشىپ باشاق كىچىك بولۇپ سۈپىتى ناچارلايدۇ.

تولۇقلاش ئۇسۇلى: مايسا مەزگىلىدە كالىي كەمچىل بولسا ھەر مو يەر ـ گە كالىي سۇلفات ئوغۇتىدىن 15 كىلوگىرام ياكى ئۆسۈملۈك كۈلىدىن 100 كىلوگىرامنى قۇر ئارىلىقىغا چۆنەك ئېچىپ قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم. كېيىنكى مەزگىلدە 1%ـ 2% كالىي سۇلفات ئېرىتمىسىنى ياكى 5% ـ 10% ئۆسۈملۈك كۈلى ئېرىتمىسىنى يوپۇرماقتىن چېچىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (05)

# كېۋەزنى يوپۇرماقتىن ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

پاشاگۇل مامۇت
(يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. كېۋەزنى مايسا مەزگىلىدە يوپۇرماقتىن ئوغۇتلىسا، مايسىسىنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، ئاجىز ئۆسكەن مايسىنى تېمەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. تۈپ ئېگىزلىكىنى كونترول قىلىپ، بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئادەتتە ھەر موغا 1% لىك ئورىيا (尿素) ۋە 1% ـ 2% لىك كالتسىي سۇپېرفوسفات (过磷酸钙) ئېرىتمىسى ئارىلاشمىسىدىن 50 ـ 75 كىلوگىرام پۈركۈلىدۇ.

2. ئۆسۈشى نورمال كېۋەزلىككە كالىي دىھىدروفوسفات (磷酸二氢钾) نىڭ 300~500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىگە مۇۋاپىق مىقداردا سىنك ئوغۇتى قوشۇپ پۈركۈسە بولىدۇ. كېۋەزنىڭ ئۆسۈشى چېكلەشتىن ئىلگىرى يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. ئوزۇقلۇق ئۆسۈشى تېزلىشىپ، قۇر ئارىلىقى بالدۇر يېپىلىپ، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسمىدىكى غۇنچە، غوزىنىڭ تۆكۈلۈشى كۆپىيىدۇ. بۇ خىل كېۋەزلىككە ئۆسۈشنى تەڭشىگۈچى دورىلارنى پۈركۈپ، كېۋەز ئاساسىي غول ۋە غوزا شېخىنىڭ ئۆسۈشىنى كونترول قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا غۇنچە مەزگىلىدە ھەر مو يەرگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسى (缩节胺) ياكى بوغۇم تەڭشىگۈچى ئامىنىدىن 1.5 گىرامنى 50 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈسە بولىدۇ.

3. كېۋەز چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلىدە ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى ئېشىپ، مەھسۇلات شەكىللىنىشىنىڭ مۇھىم مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. تۈپى پاكار، يىلتىزى ياخشى تەرەققىي قىلمىغان، يوپۇرماق رەڭگى تۇتۇق ھەم سۇس سۆسۈن بولغان كېۋەزلىككە، ھەر مو يەرگە 2% لىك كالتسىي سۇپېرفوسفات (过磷酸钙) ياكى 20% ـ 30% لىك كالىي دىھىدروفوسفات ئېرىتمىسىدىن 60 كىلوگىرامنى پۈركۈسە، غۇنچە، غوزىسى تۆكۈلۈشىنى ئازايتقىلى ۋە غوزىسىنىڭ يوغان، تالاسىنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ياخشى ئۆسمىسە، يوپۇرمىقى سارغايسا، ھەر موغا 1% لىك ئورىيا ئېرىتمىسىدىن 50 كىلوگىرام پۈركۈسە بولىدۇ.

# ياڭاق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

روشەنگۈل تۇردى

(ئۈنسۇ ناھىيە گۈلئاۋات يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. غول قىسقارتىش:** 6 ـ ئايدا بىخ ئۆلاق قىلىشقا تېگىشلىك ئۆلاقسىز ياڭاق كۆچەتلىرىنى يەر يۈزىدىن 20 ـ 25 سانتىمېتىر ئېگىز جايدىن قىسقارتىپ كېسىش لازىم.

**2. ئۆلاش:** 6 ـ ئايدا ياڭاقنى بىخ ئۆلاق قىلغاندا ئۆلاش ئورنىنى يەر يۈزىدىن 35 ـ 40 سانتىمېتىر ئېگىز قىلىش لازىم، ئەگەر چوڭ دەرەخلەرگە بىخ ئۆلاق توغرا كەلگەندە، دەرەخ گەۋدىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئۆلاق ئۆلاش ئورنى ۋە ئۆلايدىغان بىخ مىقدارىنى كۆپەيتىش لازىم.

**3. غول بەلگىلەش:** 60 ـ 80 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە غول بەلگىلەش لازىم، ئەگەر بىر قېتىمدا غول بەلگىلەش مۇۋاپىق ئورۇندىن ئۈچ چوڭ ئا ـ

---

4. پاختا ئېچىلىش مەزگىلىدە ئوزۇقلۇق ئۆسۈشى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ، يوپۇرمىقى تەدرىجىي زەئىپلىشىدۇ، يىلتىزىنىڭ ئوغۇت، سۇ سۈمۈرۈش ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ. ئوزۇقلۇق يېتىشمەي بالدۇر زەئىپلەشكەن كېۋەزلىككە ھەر مو يەرگە 1%ـ 1.5% لىك ئورىيا ئېرىتمىسىدىن 60 ـ 70 كىلوگىرام پۈركۈسە، ئۆسۈشى نورمال ياكى بىرقەدەر كۈچلۈك كېۋەزلىككە ھەر موغا 2% ـ 3% لىك كالتسىي سۇپېرفوسفات ئېرىتمىسىدىن 60 ـ 75 كىلوگىرام پۈركۈپ، بالدۇر ئاجىزلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. بويىغا زورلاپ ئۆسكەن، ئېچىلىشى كېچىككەن كېۋەزلىككە پاختا تېرىشكە باشلىغاندا ھەر موغا 40% ئېتېفون () دىن 100 ـ 150 گىرامنى 30 كىلوگىرام سۇدا تەڭشەپ پۈركۈسە، پىششىنى تېزلىتىپ، سۈپىتىنى ياخشىلايدۇ. يۇقىرىقى نۇقتىلارغا دىققەت قىلغاندا كېۋەز مەھسۇلاتىدا يۇقىرى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگىلى ۋە يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى بولىدۇ. (05)

ساسىي شاخنى تەربىيەلەپ چىققىلى بولمىسا، دەرھال 80 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىن 2 ـ قېتىم غول بەلگىلەش ئارقىلىق، ئۆسۈش ئورنى مۇۋاپىق بولغان ئۈچ چوڭ ئاساسىي شاخنى تەربىيەلەپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**4. يازلىق چاتاش:** ئاز مىقداردا قىسقارتىش، ۋاقتىدا شالاڭلىتىش ياكى بەك زىچ ئۆسكەن شاخ (بىخ) لارنى پۇتاش لازىم. مېۋىلىگەن دەرەخلەرنىڭ مېۋە شاخ گۇرۇپپىسىغا ۋاقتىدا ئاجىزلىرىنى چاتاپ، تىمەن شاخلارنى قالدۇرۇش، كۈچلۈك ئۆسكەن مېۋە شاخلىرىنى ئىخچاملاش پرىنسىپى بويىچە شاخ تەربىيەلەش لازىم. مەركىزىي غول، ئاساسىي شاخلارنى كۈچلەندۈرۈپ، ۋاقتىدا شاخ بۇلۇڭىنى چوڭايتىش لازىم؛ (1) بىخ سىرىش: 6 ـ ئاي ۋە 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. (2) ئۈچىنى ئۈزۈش: مەركىزىي غول، ئاساسىي شاخلارغا قارىتا 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئۈچىنى ئۈزۈش لازىم. مەسىلەن: «ئونسۇ ياڭىقى ـ 185»، «شىنجاڭ توقسۇ ياڭىقى ـ 2» نىڭ ئاساسىي شېخى 40 سانتىمېتىرغا يەتكەندە ئۈچىنى ئۈزۈش لازىم. باشقا سورتلارنىڭ ئاساسىي شېخى 60 سانتىمېتىرغا يەتكەندە ئۈچىنى ئۈزۈش لازىم. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 1 ـ 5 يىللىق يۇمران شاخلارنىڭ ئۈچىنى ئۈزۈش ئارقىلىق، قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشكە كېپىللىك قىلىش لازىم. (3) شاخ تارتىش ۋە كېرىش: 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئوزۇقلۇق شېخىنى تارتىپ ياكى كېرىپ، شاخ بۇلۇڭىنى 70 گىرادۇسقا توغرىلاش لازىم. ئاساسىي شاخ ۋە يان شاخلارنىڭ بۇلۇڭىنى 40 گىرادۇسقا توغرىلاپ، دەرەخ تاجىسىنىڭ كېڭىيىپ ئۆسۈشىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش لازىم.

**5. قىش پەسىللىك چاتاش:** 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئايغىچە ۋە كېلەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياڭاق دەرىخىنى قىشلىق چاتاش كېرەك. (03)

# شاپتۇلنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

گۈلبوستان قادىر
(توقسۇن ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇم تىزگىنلەش پونكىتىدىن)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، شاپتۇلغا بولغان ئېھتىياجى كۈنسايىن ئېشىپ، سۈپەتكە بولغان تەلىپى ئېشىۋاتىدۇ. بۇ شاپتۇلنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئەلا سۈپەتلىك ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا شاپتۇل ئۆستۈرۈشتە تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**1. ئوغۇتلاش:** يېشىل يېمەكلىك ئىستېمال قىلىشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، شاپتۇلنىڭ سۈپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ كۆچەيدى. شۇڭا شاپتۇلغا ئورگانىك ئوغۇت بېرىشنى ئاساس قىلىپ، ئازوت، فوسفور، كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇتلارنى ماسلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن: (1) كۈزدە يەنى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ھەر مو يەرگە چىرىگەن قوتان قىغىدىن 2000 ـ 3000 كىلوگىرام تەييارلاپ، قۇر ئارىلىقىغا 40 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولاپ كۆمۈپ بېرىش، بولۇپمۇ ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش كېرەك. (2) مېۋىسى يوغىنىۋاتقان مەزگىلدە 0.2% لىك ئورىيا (尿素) ئېرىتمىسى ياكى 0.3% بىرىكمە ئوغۇت (复合肥) ئېرىتمىسىگە 0.2% لىك كالىي دىھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) ئېرىتمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن ھەر 60 كىلوگىرام ئېرىتمىگە يوپۇرماق گۆھىرى (叶面宝) دىن بەش مىللىلىتىر قوشۇپ، ھەر 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم، جەمئىي ئۈچ قېتىم تەكشى چېچىش كېرەك. (3) شاپتۇل دەرىخىدە بور ئېلېمېنتى كەمچىل بولسا، شاخلارنىڭ ئۇچى قۇرۇپ، مېۋە ۋە شاخلىرىدا يېلىم پەيدا بولىدۇ. يوپۇرماق كىچىكلەپ، مېۋىسى غەيرىي شەكىللىك بولۇپ، سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ، ئېغىر بولغاندا شاخلىرى قۇرۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئاساسىي ئوغۇت بېرىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ھەربىر تۈپكە 35 ـ 85 گىرام بوراكس (硼肥) بېرىپ سۇغارغاندا ياكى چېچەكلەشتىن ئىلگى-

رى ۋە كېيىن بورانكىسىنىڭ 0.5% لىك ئېرىتمىسىنى 2 ـ 3 قېتىم چاچسا، ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

**2. سۇغىرىش:** شاپتۇلنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى سۇغا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىلمىي ئۇسۇلدا سۇغىرىش لازىم. شاپتۇل دەرىخىنى ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىللىرىدە يېتەرلىك سۇغىرىش، سۈپەتلىك مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ مۇھىم شەرتى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ يازدا ھاۋا ئىسسىق، قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولىدىغان بولغاچقا شاپتۇل دەرىخىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى ئاشىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا ۋاقتىدا سۇغارمىسا ئۆسۈپ يېتىلىشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا شاپتۇل دەرىخىنى ئەتىياز ۋە يازدا قاندۇرۇپ سۇغىرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

**3. چاڭلاشتۇرۇش:** شاپتۇل دەرىخى سىرتتىن چاڭلىنىشىدىغان بولغاچقا، ھەرمو يەرگە چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى مۇۋاپىق سەپلەپ تىكىش ياكى چېچەكلەش مەزگىلىدە سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇش كېرەك.

**4. چېچەك ۋە مېۋىسىنى شالاڭلىتىش:** چېچەك، مېۋىسىنى مۇۋاپىق شالاڭلىتىش ئارقىلىق مېۋىنىڭ چوڭىيىشىغا، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ھوسۇللۇق ـ ھوسۇلسىز يىل ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ئۆسۈش بىلەن مېۋىلەش ئوتتۇرىسىدىكى ئوزۇقلۇق تالىشىش زىددىيىتىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئادەتتە چېچەكلەشتىن بۇرۇن غۇنچىسى شالاڭلىتىلىدۇ. مېۋىسى ماشتەك بولغاندىن كېيىن، شەكلى غەيرىي، سارغايغان ۋە كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان مېۋىلەرنى ئېلىۋېتىش ئارقىلىق، مېۋىنىڭ سۈپىتىگە، مەھسۇلاتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**5. چاناش:** 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا بىر قىسىم زىچ ئۆسكەن، مىنگىشىۋالغان، ساڭگىلىشۋالغان يان شاخلارنى شالاڭلىتىش ۋە شاخلارنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ، ئوزۇقلۇقنىڭ بىھۇدە سەرپىياتىنى ئازايتىش كېرەك. كۈزدە دەرەخ تاجىسى ئىچىدىكى بويىغا زورلاپ ئۆسكەن، گىرەلىشىپ ئۆسكەن، زىچ ئۆسكەن شاخلارنى مۇۋاپىق كېسىپ، دەرەخ تاجىسىنىڭ يورۇقلۇق، ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك. (03)

# ياڭاقنىڭ يازلىق پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار

نۇرجامال خالىق

(ئونسۇ ناھىيە توخۇلا يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. ئۇلاش:** شۇ يىلى تىكىلگەن ئۇلاقسىز كۆچەتلەر 6 ـ ئايدا غولنىڭ يەر يۈزىدىن 35 ـ 40 سانتىمېتىر ئېگىز قىسمى بىخ ئۇلاق قىلىنىدۇ. ئەگەر دەرەخ چوڭ بولسا چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ئۇلاش ئورنى ۋە ئۇلايدىغان بىخ مىقدارىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش لازىم.

**2. غول بەلگىلەش:** كۆچەت غولىنى 60 ـ 80 سانتىمېتىر ئېگىز ـ لىكتە قالدۇرۇپ غول بەلگىلەش لازىم. ئەگەر بىر قېتىمدا غول بەلگىلەش ئارقىلىق مۇۋاپىق ئورۇندىن ئۈچ چوڭ ئاساسىي شاخنى تەربىيەلىگىلى بولمىسا، دەرھال 80 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىن 2 ـ قېتىم غول بەلگىلەش ئارقىلىق، ئۆسۈش ئورنى مۇۋاپىق بولغان شاخنى تاللاپ تەربىيەلەش لازىم.

**3. چاناش:** دەرەخ تاجىسى ئىچىدىكى شاخلارنى يېنىك قىسقارتىپ كې ـ سىش، ۋاقتىدا شالاڭلىتىش ياكى بەك زىچ ئۆسكەن شاخ (بىخ) لارنى ۋاقتىدا پۇتاش ئارقىلىق، يورۇقلۇق، ھاۋادىن پايدىلىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. مېۋىلىگەن دەرەخلەرنىڭ مېۋە شاخ گۇرۇپپىسىغا قارىتا ئاجىز ئۆسكەنلىرىنى كېسىۋېتىپ، تىمەنلىرىنى قالدۇرۇش كېرەك. بىخ يىمىرىش، ئۇچىنى ئۈزۈش، شاخلارنى تارتىپ باغلاش، شاخنى كېرىش قا ـ تارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، شاخ بۇلۇڭىنى ۋاقتىدا چوڭايتىش لازىم. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 1 ـ 5 يىللىق شاخلارنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش ئارقىلىق، قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرى ـ لىرى ئوزۇقلۇق شېخىنى تارتىپ باغلاپ، شاخ بۇلۇڭىنى 70 گرادۇسقا توغرىلاش لازىم. ئاساسىي شاخ ۋە يان شاخلارنىڭ بۇلۇڭ گرادۇسىنى 40 گرادۇسقا توغرىلاپ، دەرەخ تاجىنى كېڭەيتىش لازىم. كىچىك تاجلىق شالاڭ قەۋەتلىك دەرەخ شەكلى قوللىنىلىپ، پۈتكۈل دەرەختە تاجىسىنىڭ

قەۋەتنى 2 ـ 3 قەۋەتكە ئايرىپ، 5 ـ 7 گىچە ئاساسىي شاخ، 2 ـ 3 تال يان شاخ بولۇش، قەۋەت ئارىلىقى 1.5 ـ 1.8 سانتىمېتىر، غول ئېگىزلىكى 50 ـ 60 سانتىمېتىر، قەۋەت ئىچىدىكى شاخ ئارىلىقى 40 ـ 50 سانتىمېتىر، دەرەخ ئېگىزلىكى 4.5 مېتىر بولۇش تەلپىگە يەتكۈزۈش كېرەك. چاتاشتا يازلىق چاتاشنى ئاساس قىلىش، قىشلىق چاتاشنى قوشۇمچە قىلىش كېرەك.

**4. چاغلاش:** ئۆسۈش مەزگىلىدە يامغۇردىن ياكى سۇغىرىشتىن كېيىن، تۇپراقنى 10 ـ 15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چاغلاپ يۇمشىتىپ، ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىپ، تۇپراقنىڭ بوش، يۇمشاق، ئوت ـ چۆپسىز بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەپ، نەملىكنى ساقلاش كېرەك.

**5. ئوغۇتلاش:** 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھەر تۈپكە 20 كىلوگىرامدىن ئورگانىك ئوغۇت بېرىش كېرەك. 2 ـ 3 يىللىق دەرەخكە دەرەخ غولىدىن 40 ـ 60 سانتىمېتىر، 4 ـ 5 يىللىق دەرەخكە دەرەخ تاجىسى سايە تاشلىغان دائىرىدە 60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۆنەك ياكى ئورەك كولاپ ئوغۇتلاش كېرەك. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى شاپتۇلنى بىر قېتىم فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم. پۈتۈن بىر يىلدا 2 ـ 3 قېتىم يوپۇرماق يۈزىدىن قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ. ئادەتتە ئۆسۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىككى قېتىم ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ، يوپۇرماق يۈزىگە پۈركۈپ ئوغۇتلىنىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇت ئاساس قىلىنىپ، يوپۇرماق يۈزىگە پۈركۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىشكە ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنى تولۇقلاش كېرەك.

**6. سۇغىرىش:** ئادەتتە پۈتۈن بىر يىلدا 5 ـ 6 قېتىم سۇغىرىلىدۇ، ئەتىيازدا بالدۇر سۇغىرىش، ياز پەسلىدە قاندۇرۇپ سۇغىرىش، كۈز پەسلىدە ئازراق سۇغىرىش لازىم. 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قىشلىق توڭ ياتقۇزۇش لازىم. (03)

# دېھقانچىلىق دورىلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىش ئۇسۇلى

ئالىيە ئابدۇراخمان
(قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە بازارلىق يېقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

دېھقانچىلىق دورىلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىش ــ ئادەم،چارۋا، مۇھىت ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، زىرائەتـلەردىكى كېسەللىك، ھاشارات، ئوت ـ چۆپ، چاشقان زىيانداشلىقىنى ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى. ئەمما بىر قىسىم دېھقانلار دورا ئىشلىتىش جەريانىدا بەزى مۇھىم ھالقىلارغا سەل قاراپ، بىخەتەر دورا ئىشلەتمىگەنلىكتىن، ئادەم، چارۋىلارنىڭ زەھەرلىنىشى، مۇـھىتنىڭ بۇلغىنىشى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىكى دورا قالدۇقلىرىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشى ۋە كېسەللىك، ھاشارات، ئوت ـ چۆپ، چاشقان زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش ئۈنۈمىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. شۇڭا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىشتە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەش لازىم:

1. دورا ئىشلىتىش مەزگىلىنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. دېھقانچىلىق دورىسىنى ئىشلىتىشتە كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ پەيدا بولۇش ئالاھىدىلىكى ۋە دورىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ئەڭ ياخشى مەزگىلىنى تاللاپ ئۆلچەم بويىچە ئىشلىتىش لازىم.

2. ئىشلىتىدىغان دورا مىقدارى ۋە دورا ئىشلىتىش قېتىم سانىنى پۇختا ئىگەللەش لازىم. چۈنكى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىكى ئىشلىتىش مىقدارى ۋە قېتىم سانى بويىچە دورا ئىشلەتكەندە، ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ.

3. دورا ئىشلىتىش جەريانىدا بىخەتەر مۇداپىئەلىنىشنى پۇختا ئىشلەش

لازىم. (1) قېرى، ئاجىز، كېسەل، مېيىپ كىشىلەر، ئېغىر ئاياغ ئاياللار، بالىلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تۇتماسلىقى ۋە دورا ئىشلىتىش ئىشلىرىغا قاتناشماسلىقى لازىم. (2) دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلەتكۈچىلەر ئادەتتە ئۇزۇن چاپان، ئۇزۇن ئىشتان، پەلەي، ماسكا، رېزىنكە ئۆتۈك قاتارلىقلارنى كىيىشى لازىم. بولۇپمۇ زەھىرى كۈچلۈك دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلەتكەندە كۆزنى ئاسراش كۆزەينەكى، نىقاپ تاقاپ، دورىنىڭ كۆزگە كىرىپ كېتىشى، تېرىگە تېگىپ كېتىشى ۋە بەدەنگە سۈمۈرۈلۈشىدىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. (3) دورا پۈركۈگەندە نەرسە يېمەسلىك، سۇ ئىچمەسلىك، پۈتۈپ قالغان پۈركۈگۈچنى پۈۋلىمەي، چىش كولىغۇچ، ئوت - چۆپ غولى ياكى سۇ بىلەن راۋانلاشتۇرۇش لازىم. (4) دانچە دورا ئىشلەتكەندە ياكى دورىدا بىر تەرەپ قىلىنغان ئۇرۇقنى تېرىغاندا ئۇلارنىڭ تۇپراققا كۆمۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، قۇش ياكى ھايۋانلارنىڭ يەۋېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم. (5) يامغۇر ياغقان، شامال چىققان، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، تۆۋەن تۇمانلىق ھاۋا رايى كۆرۈلگەندە، شەبنەم چۈشكەندە زىرائەتلەرگە دورا پۈركۈمەسلىك، دورىنى شامال بىلەن ئوخشاش يۆنىلىشتە تۇرۇپ پۈركۈش، ھەر قېتىملىق دورا پۈركۈش ۋاقتى تۆت سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك لازىم. (6) مەشغۇلاتتىن كېيىن، دورا پۈركۈگەندە كىيگەن مۇداپىئە كىيىملىرىنى ۋە بەدەننى پاكىز يۇيۇپ، مۇداپىئە كىيىملىرىنى باشقا كىيىملەردىن ئايرىپ يۇيۇش ۋە ساقلاش لازىم. سۇنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دورا پۈركۈش ئەسۋابلىرىنى دەريا - ئۆستەڭ، كۆل، قۇدۇق ئەتراپىدا يۇيماسلىق، يۇيغان سۇنى دەريا - ئۆستەڭلەرگە تۆكمەسلىك لازىم. (05)

# مۇناقى ئۈزۈمدىكى قاسراقلىق قۇرتنى يوقىتىش ئۇسۇلى

خۇرشىدە ئەخمەت
(ئاقسۇ شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

نۆۋەتتە قاسراقلىق قۇرت مۇناقى ئۈزۈمگە ئېغىر زىيان سېلىۋاتىدۇ، بۇ قۇرت كىنىلون قاسراقلىق قۇرت، قەنت شورىغۇچى قاسراقلىق قۇرت دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. بۇ قۇرتلار مۇناقى ئۈزۈمنىڭ يۇمران نوتا، مېۋە، يوپۇرماقلىرىغا زىيان سالىدۇ. ئادەتتە يوپۇرماق تومۇرى ۋە نوتىلارغا يېپىشىپ ئوزۇقلۇقنى شۈمۈرىدۇ، ئېغىر بولغاندا چىگەررەڭ مايسىمان سۇيۇقلۇق چىقىرىپ، يوپۇرماق ۋە مېۋىلەرنى بۇلغايدۇ. قاسراقلىق قۇرتنىڭ بىرىنچى ئەۋلادى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسى تۇخۇم سېلىپ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تۇخۇمدىن چىقىدۇ. قاسراقلىق قۇرتنى مۇشۇ مەزگىلنى چىڭ تۇتۇپ، يازلىق چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىپ، يوقىتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. قاسراقلىق قۇرت يىلدا ئىككى ئەۋلاد قالدۇرۇپ، 2 ـ ئەۋلادى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تۇخۇمدىن چىقىپ، يوپۇرماق، نوتىلارغا زىيان سالىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى داۋاملىق يۆتكىلىپ زىيان سالغاچ قىشتىن ئۆتۈشكە ئۇچەككە كىرىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) بىخلىنىشتىن بۇرۇن، 30 ـ 60 ھەسسىلىك سوپۇن پاراشوكى سۇيۇلمىسى چېچىش كېرەك. (2) 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 40% لوپوشا (绿扑杀) نىڭ 1000 ـ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك. (3) مۇناقى ئۈزۈمنىڭ تېخنىكىلىق پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، تۈپىنىڭ كېسەلگە چىداملىقىنى ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (4) ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، مۇۋاپىق چاتاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كۈن نۇرى ئوبدان چۈشىدىغان، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، كۆزلۈك نوتىلارنىڭ پىششىنى تېزلىتىپ، قاسراقلىق قۇرت زىيىنىدىن ساقلىنىش كېرەك. (5) قاسراقلىق قۇرتنى بىخ يىمىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ يوقاتسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (6) كۆزلۈك چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ باغلارنى ئومۇميۈزلۈك پاكىز تازىلاپ، ھاك گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى 30 ـ 50 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ تەكشى چېچىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# شوخلا مېۋىسى ئاستا يوغىناش سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

شاراپەتگۈل ئەيىنىدىن      ھەمراگۈل ئابدۇرېھىم
(توقسۇن ناھىيە غولبۇي يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

ناھىيەمىزدە پارنىك كۆلىمى شەكىللەنگەن بىرقانچە يىلدىن بۇيان، پارنىكتا شوخلا ئۆستۈرۈش ئومۇملىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا يۇقىرى كۆتۈرۈلىۋاتىدۇ. لېكىن شوخلا ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىدىكى بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەر سەۋەبىدىن، شوخلا مېۋىسىنىڭ يوغىنىشى ئاستا بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. سورت تاللاش: ئەلا سۈپەتلىك سورت يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشتىكى ئەڭ ئالدىنقى شەرت، ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ جايغا ماس كېلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك ياخشى سورتلارنى تاللاش لازىم.

2. مايسا تىكىش: نوقۇل ھالدا خىمىيەۋى ئوغۇت بېرىشكىلا تايىنىپ يەرنى قېتىنتىۋېتىش، مەھەللىۋى ئوغۇت بېرىشكە سەل قاراش ياكى بېرىلگەن ئاساسىي ئوغۇت يېتەرلىك بولماسلىق، ئوغۇتنى ياخشى ئېرىتمەسلىك سەۋەبىدىن شوخلا مېۋىسى ئاستا يوغىنايدۇ. شۇڭا مايسا تىكىشتىن بۇرۇن ئوبدان چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتنى يېتەرلىك بەرگەندىن سىرت، ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتلار ۋە شۇ مەزگىلدە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئېلېمېنتلار تولۇق بولغان ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك.

3. يورۇقلۇق شارائىتى ناچار بولۇش، مايسا مەزگىلىدە ھاۋا ئالماشتۇرماسلىق، نەملىكنى مۇۋاپىق كونترول قىلماسلىق: مايسا مەزگىلى شوخلىنىڭ مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل. پارنىك ئۈستىدىكى سۇلياۋ يوپۇقنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇش ياكى سولياۋ ئۈستىنى پاكىز تازىلاش ئارقىلىق، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. مايسا مەزگىلىدە پارنىك يوتقىنىنى كۈن چىقىش بىلەن تەڭ ئېچىپ، كۈن ئولتۇرۇش بىلەن تەڭ يېپىش كېرەك. كۆزدە مايسا تىكىپ بولغاندىن كېيىن

1 ـ 10 كۈنگىچە قارا رەڭلىك تور يېپىپ سايە چۈشۈرۈش، گىرادۇس ئۆز ـ گىرىشىگە ئاساسەن مۇۋاپىق ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، تۇپراق ئەھۋالىغا قارىتا مۇۋاپىق سۇغىرىش ئارقىلىق نەملىكنى كونترول قىلىش كېرەك.

4. پارنىك ئىچىدە شوخلىنى تەكرار ئۆستۈرسە، شوخلا ئەڭ ئېھتىياج ـ لىق بولغان ئېلېمېنتلار كۆپ مىقداردا خوراش سەۋەبىدىن، مېۋىسى يوغى ـ نىشىنىڭ ئاستا بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا شارائىت يار بەرسە ئىمكانقەدەر ئېغىز ئالماشتۇرۇپ تېرىش لازىم.

5. ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە سۇغىرىش مۇۋاپىق بولماس ـ لىقتىن، مېۋە يوغىنىشى ئاستا بولۇۋاتىدۇ. ئادەتتە مايسا تۇتقاندىن كېيىن دەسلەپكى مەزگىلدە 35 كۈن ئەتراپىدا سۇنى كونترول قىلىپ، يىلتىز قىسمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. كېيىنكى مەزگىللەردە تۇپراق ئەھۋالىغا قارىتا مۇۋاپىق سۇغىرىش لازىم.

6. كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: مايسا تىكىشتىن بۇرۇن، پارنىك ئىچىنى تومۇز ئىسسىق ياكى توك قىش ـ تىن پايدىلىنىپ تەبىئىي ئۇسۇلدا دېزىنفېكسىيەلەش، تۇپراقنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، زەھەرچانلىقى تۆۋەن دورىلار بىلەن تۇپراقنى بىر تەرەپ قىلىش، پارنىك ئىچىنى ئىسلاش، مايسا تىكىلگەندىن كېيىن سېرىق تاختاي ئېسىش، ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا ئوتاش ۋە كېسەل تەگكەن يوپۇرماق ۋە شاخلارنى ۋاقتىدا تازىلاش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

7. ھەرقايسى مەزگىلدىكى پەرۋىشى مۇۋاپىق بولماسلىق: شوخلىنى ئاساسەن تاق غوللۇق يۆتاپ يان شاخلىرى پەيدا بولغاندا، يورۇقلۇق شارا ـ ئىتىنى ياخشىلاپ، ھەربىر ساپاقتا 4 ـ 5 تال مېۋە قالدۇرۇش لازىم. چې ـ چەككە چاڭلاشتۇرۇش دورىسىنى چېچەك يېرىم ئېچىلغاندا ئىشلەتسە ئۈنۈ ـ مى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. چېچەك ھورمۇنىنىڭ قويۇقلۇقىنى تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن مۇۋاپىق تەڭشەپ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا پۈركۈش، غەير ـ ىي مېۋە چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھورمۇننى تەكرار پۈركۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. (03)

# شوخلىنىڭ داغلىق قوڭۇر كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

نۇر ئەلا ئەمەت
(يېڭىسار ناھىيە چولپان يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

بۇ كېسەللىك ئاساسەن شوخلىنىڭ پوتكول ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە پەيدا بولىدۇ. بولۇپمۇ شوخلا مېۋىلەش مەزگىلىدە كېسەللىك زىيىنى ئېغىر بولىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەللىك ئاساسلىقى يوپۇرماقتا كۆرۈلىدۇ، ئاندىن قالسا يوپۇرماق ساپىقى ۋە غول قىسمىدا كۆرۈلىدۇ، بەزىدە گۈل كاسىسىغا زىيان سالىدۇ. يوپۇرماق كېسەللەنسە ئالدى بىلەن ئاستىنقى قىسمىدىكى كونا يوپۇرماقتىن باشلىنىدۇ، يوپۇرماقنىڭ ئارقا يۈزىدە سۇ بىلەن نەمدەپ قويغاندەك رەتسىز كىچىك داغلار ھاسىل بولىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي يوپۇرماقنىڭ ئىككىلا يۈزىدە يۇمىلاق، سوقىچاق ياكى رەتسىز كېسەللىك دېغى كۆرۈلىدۇ. كېسەللىك دېغىنىڭ چۆرىسى قارامتۇل قوڭۇر، ئوتتۇرىسى كۈل رەڭ بولۇپ، ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان قارا كىچىك داغلار بولىدۇ. بۇ داغلار كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى مىكروبنىڭ جىنىسسىز كۆپىيىش تېنىدىن ئىبارەت. يوپۇرماق ساپىقى ۋە غول قىسمىدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرى ئاساسەن غول قىسمىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئېغىر كېسەللەنگەن تۆپلەردىكى يوپۇرماقلار ئاستىدىن ئۈستىگە قاراپ قۇرۇپ، مەھسۇلاتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** شوخلىنىڭ داغلىق قوڭۇر كېسىلىنى پەيدا قىلغۇچى كېسەللىك مىكروبى بولغان زەمبۇرۇغ يىپچىسى ۋە بۆلۈنمە ئىسپورا ئورگىنى كۆپلىگەن بۆلۈنمە ئىسپورىنى قويۇپ بېرىپ، شامال ئارقىلىق تارقىلىدۇ ۋە پارازىت خوجىسىنىڭ ھاۋا تۆشۈكچىسى ئارقىلىق يۇقۇپ، كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى مىكروبنىڭ ئۆسۈشىگە 25℃ لۇق تېمپېراتۇرا مۇۋاپىق بولۇپ، شامال ۋە يامغۇر كۆپ بولغاندا، نەملىك يۇقىرى، قويۇق تېرىلغان، ئويدا تېرىلغان ئېتىزلاردا كېسەللىك ئېغىر پەيدا بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان شوخلا سورتلىرىنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇشچانلىقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) كېسەللىككە چىدامچىلىق سورتلارنى تېرىش كېرەك. (2) ھوسۇلنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئې-

# كېۋەزنىڭ دورا زىيىنىغا ئۇچراش ئالامەتلىرى ۋە قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى

خەيرىنىسا ئىبراش
(شايار ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

**دورا زىيىنىغا ئۇچراش ئالامىتى:** دېھقانچىلىق دورىسىنى مۇۋاپىق ئىشلەتمىگەندە، يەنى ئىشلىتىش قويۇقلىقى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا،چېچەكلەش مەزگىلىدە دورا پۈركۈسە، بولۇپمۇ كېۋەزگە سەزگۈرلىكى كۈچلۈك ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسىنى ئىشلەتسە ئاسانلا دورا زىيىنى كۆرۈلىدۇ. ① تېگىپ يوقىتىدىغان دورىلار ئۆتكۈر خاراكتېرلىك دورا زىيىنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە بىر نەچچە سائەتتىن بىر نەچچە كۈنگىچە دورا زىيىنى ئالامىتى كۆرۈلىدۇ، يوپۇرماق كۆيۈپ سولۇق قاپىراتمىدەك كۆرۈنىدۇ ياكى قۇرۇق داغ، يوللۇق داغ پەيدا بولىدۇ، رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىش، قورۇلۇپ قېلىش، قۇرۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرىلىدۇ. ② ئىچىدىن سۈمۈرۈلىدىغان دورىلار ئاستا خاراكتېرلىك دورا زىيىنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دورا ئىشلىتىپ بىر قەدەر ئۇزۇنراق ۋاقىتتىن كېيىن توپى پاكارلىشىش، شەكلى ئۆزگىرىش، يوپۇرماق گۆشى قېلىنراش، يوپۇرماق رەڭگى قېنىقلىشىش، يوپۇرماق پۈرلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئېغىر بولغاندا يان شاخلار غۇژمەكلىشىپ، ئۆسۈش نوقتىسى نابۇت بولىدۇ. ③ ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسى، مەسىلەن: 2,4-D (2,4- 滴) 2,4-D مۇرەككەپ ئېفىرى (2,4 –滴丁脂)،

---

تىزلىقنى پاكىز تازىلاش ۋە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشقا دىققەت قىلىش لازىم. (3) كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بوردو سۇيۇقلۇقى (波尔多液) ياكى 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) دورىسىنىڭ 1000ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 70% لىك مانكوزىپ (代森锰锌) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 70% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 700 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 64% لىك ساندوفان (杀毒矾) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاپ، يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا 2 ـ 4 قېتىم پۈركۈش لازىم.(03)

خىدونال (二甲四氯) قاتارلىق دورىلارنى تۆۋەن قويۇقلۇقتا ئىشلەتكەندە غىدىقلاش رولى كۆرۈلىدۇ، يۇقىرى قويۇقلۇقتا ئىشلەتكەندە ئۆسۈشى تېز - گىنلىنىپ، غەيرىي شەكىلگە ئۆزگىرىدۇ ھەتتا نابۇت بولىدۇ. ئەگەر كېۋەز 2, 4-D نىڭ زىيىنىغا ئۇچرىسا يوپۇرمىقى كىچىكلەپ ھەم قورۇلۇپ، «تو - خۇ پۇتى» شەكىللىك بولۇپ قالىدۇ. تىرىفلۇرالىن (氟乐灵) نى كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەندە كېۋەزنىڭ ئوق يىلتىزىدا ھۆررەك شەكىللىنىدۇ، ئىككىلەمچى يىلتىزىنىڭ ئۆسۈشى تېزگىنلىنىدۇ. تۇپراقنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان، دورا قالدۇقى بىرقەدەر ئۇزۇن ساقلىنىدىغان ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىلىرى، مەسىلەن: تىرىفلۇرالىن، ئاترازىن (莠去津)، خۇۋېي (虎威)، خلور سۇلفۇرون (绿黄隆) قاتارلىق دورىلار نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىلغان كېيىنكى زىرائەتلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى:** كېۋەزنىڭ دورا زىيىنىغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دورىنى ياخشى تاللاپ، دورا تىپى، مىقدارى، سۈپىتى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئوبيېكتىغا ئاساسەن، مەشغۇلات قائىدىسى بويىچە ئىشلى - تىش لازىم. تۇپراقنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئوت - چۆپ يوقىتىش دورى - لىرىنى ئىشلەتكەندە تەركىبىدە ئورگانىك ماددا كۆپ سىغىز تۇپراقتا كۆپ - رەك ئىشلىتىش، ئورگانىك ماددا مىقدارى ئاز سىغىز تۇپراقتا ئازراق ئىش - لىتىش لازىم. ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىلىرىنى پۈركۈگەندە شامال يۆنى - لىشىگە دىققەت قىلىش، ئايرىش بەلبېغى تەسىس قىلىپ، دورىنىڭ شامالدا ئۇچۇپ قوشنا زىرائەتلەرگە زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىلىرىنى پۈركۈشتە مەخسۇس دورا پۈركۈش ماشىنىسى ئىشلىتىش، ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن پاكىز يۇيۇۋېتىش لازىم.

تىگىپ ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ زىيىنىغا قارىتا، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاش ياكى يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش ئارقىلىق ئۆ - سۈشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم. ھورمۇن تىپىدىكى ئوت - چۆپ يوقى - تىش دورىلىرىنىڭ زىيىنىغا قارىتا، مەسىلەن: 2, 4-D، خىدونال قاتارلىق دورىلارنىڭ توزانلىرى كېۋەز ئېتىزىغا ئۇچۇپ بېرىپ دورا زىيىنى كەلتۈ - رۈپ چىقارغاندا، غەيرىي شەكىللىك شاخلىرىنى كېسىۋېتىپ، گىببېرىللىن

# ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئۇسۇلى

نۇرىمانگۇل ئېزىز
(بوگۇر ناھىيەلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن)

ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئوت - چۆپلەر تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈشى ۋە ئوت - چۆپ يوقىتىش پىرىنسىپى قاتارلىقلار پەرقلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىشپاتلىنىشىچە، بىر جايدا ئۆزۈن مەزگىل بىر خىل ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسىنى ئىشلەتسە، ئوت - چۆپلەرنىڭ دورىغا چىدامچانلىقى تەدرىجىي كۈچىيىدۇ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىككى خىل ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

ئادەتتە ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشتە دورىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئوت - چۆپ تۈرلىرى، زىرائەت تۈرلىرى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، دورىلارنى ئىلمىي تەڭشەپ، كىچىك دائىرىدە سىناق قىلىپ، فىزىكىلىق - خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى جەھەتتە غەيرىي ئەھۋال كۆرۈلمىگەن ۋە ئوت - چۆپ يوقىتىش ئۈنۈمى ياخشى بولغاندا، ئاندىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنى يېكىتىش كېرەك.

1. ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش پىرىنسىپى: (1) ئارىلاشتۇرۇلغان دورىدا

(赤霉素) ياكى ئوت - چۆپ كۆلى، ياغاچ كۆلى (活性素) قاتارلىقلارنى سېپىپ، يان يىلتىزلارنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىش لازىم. بىخەتەر قوغىدىغۇچى دورا 25788، ئامىد (胺酰) تۈرىدىكى ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىلىرى مەسىلەن: دىساۋنىڭ (敌草能)، ئالخلور (拉索)، بوتاخلور (丁草胺)، ئاتسېتوخلور (乙草胺)، دوئىل (都尔) قاتارلىق دورىلار قوغداش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىشلەتكەندە دورا زىيىنىدىن ساقلانغىلى ياكى زىيىنىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ.(03)

چوقۇم چۆكمە ھاسىل بولماسلىقى، دورا قەۋىتى شەكىللەنمەسلىكى، كال-لەكلىشىپ قالماسلىقى، زىرائەتلەرگە قارىتا تورمۇزلاش ۋە دورا زىيىنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقى كېرەك. (2) تېز ئۈنۈم بېرىدىغان دورا بىلەن ئاستا ئۈنۈم بېرىدىغان دورىنى ئارىلاشتۇرۇش، ئارىلاشتۇرىدىغان دورا بىلەن ئىچىدىن سۈمۈرۈلىدىغان دورىنى ئارىلاشتۇرۇش، قالدۇق دورىنىڭ ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى ئۇزۇن دورىلار بىلەن قالدۇق دورىنىڭ ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى قىسقا دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇش، تۇپراقتا تارقىلىشچانلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك دورىلار بىلەن تۇپراقتا تارقىلىشچانلىق خۇسۇسىيىتى ئاجىز دو-رىلارنى ئارىلاشتۇرۇش، زىرائەتنىڭ سۈمۈرۈلۈش ئورنى ئوخشىمىغان دو-رىلارنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. (3) ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى-نى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنى، ئېتىزلىقتىكى ئوت ـ چۆپ تۈپى، تورى، پەيدا بولۇش دەرىجىسى، تۇپراق سۈپىتى، ئورگانىك ماددا مىقدارى، زىرائەت تۈرى، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى قاتارلىق ئامىللارغا ئاسا-سەن بېكىتىش كېرەك.

ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنىڭ ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىش مىقدارى چوقۇم يەككە دورا ئىشلەتكەن چاغدىكى دورا مىقدارىنىڭ 1/2 ـ 1/3 چې-لىك بولسا بولىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بىر خىل زىرائەتكە ئىشلەتكەن يەككە خىل دورا مىقدارى ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. مۇ-شۇنداق بولغاندىلا دورىنى ئىقتىسادچىل، بىخەتەر، ئۈنۈملۈك ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئوت ـچۆپ يوقىتىش دورىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئۈنۈمى كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. كەڭ كۆلەمدە ئارىلاشما دو-رىلارنى ئىشلەتمەكچى بولغاندا، چوقۇم ئالدى بىلەن ئوخشاش بولمىغان نىسبەت ۋە ئوخشاش بولمىغان شارائىت ئاستىدا كىچىك كۆلەمدە سىناق قىلىپ، ئوت ـ چۆپ يوقىتىش ئۈنۈمى ۋە دورا زىيىنى توغرىسىدا ئىشەنچ-لىك مەلۇماتلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەڭ ياخشى نىسبەتنى بېكىتىپ،

ئوت ـ چۆپ يوقىتىش ئۇنۇمى مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئاندىن قايتا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىش كېرەك.

2. ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى بىلەن ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى، خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشىگۈچى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش: ئوت ـ چۆپ يوقاتقۇچى دورىلارنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولۇپلا قالماستىن يەنە، ئۇنى ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا، خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشىگۈچى دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. دورىلارنى ئۇدۇللۇق ئارىلاشتۇرۇپ ئۇدۇللۇق ئىشلىتىش كېرەك. ئارىلاشتۇرۇلغان دورىلارنى ئۇزۇن ۋاقىت قويۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. (1) بەزى ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى بىلەن ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. مەسىلەن: سىۋىن (西因维)، مىتاگرات (速灭威) قاتارلىق ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى پروپانىل (敌稗) ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە، پروپانىلنىڭ ئوت ـ چۆپ يوقىتىش ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. (2) ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا نىتروفىن (除草醚) ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى بىلەن ئورىيا (尿素) نى شال مايسىسىنى كۆچۈرۈپ 5 ـ 7 كۈندىن كېيىن ئىشلەتسە، ئوت ـ چۆپ يوقىتىش ئۇنۇمى 95% تىن يۇقىرى بولىدۇ. (3) بەزى ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىغا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشىگۈچى دورىلارنى قوشۇپ ئىشلەتكەندە، ئوت ـ چۆپ يوقىتىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: گىلىفوسفات (草甘膦) ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى ۋە بۇتائوس (DFE, 脱叶磷) دورىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندىن كېيىن، كېۋەز يوپۇرمىقىنى تېمەن ئۆستۈرۈپ، غوزىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئېچىلدۇرىدۇ. (03)

# باغ ـ ئورمانلاردىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش ئۇسۇلى

پاتىگۈل ئىمىن
(شايار ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

1. تىرنىلاش: ئورۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن ياكى كۆچەت تىكىشتىن بۇرۇن يەرنى 1 ـ 2 قېتىم تىرنىلىسا ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىپ، تۇپراقنى يۇمشاتقىلى بولىدۇ.

2. بىر تەرەپ قىلىش: ئورۇق، كۆچەتنى سىرتتىن كىرگۈزگەندە كاراントىن قىلىپ، ياۋا ئوت ـ چۆپ ئورۇقىنىڭ تارقىلىشىنى تىزگىنلەش لازىم.

3. كۆچەت ئارىسىنى يېپىش: دەرەخ ئارىسىنى سامان، پاخال، قارا سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىقلار بىلەن ياپسا، ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئاسانلىقچە ئۆسەلمەيدۇ ھەم تۇپراق تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىلاپ، نەملىكنى ساخلاپ، دەرەخنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىدۇ.

4. قۇر ئارىسىنى چاغلاش: قۇر ئارىسىنى چاغلاش ئارقىلىق ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى، تېجەشلىك بولۇپ قوللىنىشقا ئەرزىيدۇ.

5. مېۋىلىك باغلارغا 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا بىرىنچى قېتىم ئوت ـ چۆپلەر تەكشىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر مو يەرگە 10% لىك گىلىفوسفات (草甘磷) دىن 400 ـ 600 مىللىلىتىر ئېلىپ، ئۇنىڭغا 40% لىك ئاترازىن (莠去津) دىن 150 ـ 200 مىللىلىتىر قوشۇپ، يەنە سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ياۋا ئوت ـ چۆپكە چاچسا، ئۆسكەن ـ ئۆسمىگەن ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقاتقىلى بولىدۇ. ئالما، نەشپۈت، ئۈزۈملۈك باغلاردا ئەتىيازدا ياۋا ئوت ـ چۆپ ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىنلا ھەر مو يەرگە 40% لىك ئاترازىندىن 200 ـ 400 گىرام ئېلىپ (قۇمساق تۇپراققا ئازراق، سېغىز تۇپراققا كۆپرەك) چاچسا، تاق پەللىلىك ياكى قوش پەللىلىك ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى ئۈنۈملۈك يوقاتقىلى بولىدۇ. يازلىق ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەندە ھەر مو يەرگە 30% لىك گىلىفوسفاتتىن 135 ـ 150 مىللىلىتىر ئېلىپ، 30 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، 0.2% لىك سو-

پۇن پاراشوكىدىن 60 گىرام قوشۇپ بىۋاستە چاچسا، ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ـ نى ئۈنۈملۈك يوقاتقىلى بولىدۇ. شاپتۇلـلۇقتىكى ياۋا ئوت ـ چـۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش يوقىتىشتا، ھەر مو يەرگە 33% لىك پېندىمېتالىن (除草通) دىن 200 ـ 250 مىللىلىتىر ياكى 72% لىك دۇئال (都尔) دىن 100 ـ 150 مىللىلىتىر ئېلىپ، 30 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، تۇپراققا چېچىپ توپىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتسە، ياۋا ئوت ـ چۆپنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. باغدىكى يازغى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ـ تا، ھەر مويەرگە 20% لىك پاراكۇئات (百草枯) دىن 150 ـ 200 مىللى ـ لىتىر ئېلىپ، ئۇنىڭغا 30 كىلوگىرام سۇ قوشۇپ، ياۋا ئوت ـ چۆپ 20 ـ 30 سانتىمېتىر ئۆسكەندە چاچسا، بىر يىللىق تاق پەللىلىك، قوش پەللى ـ لىك ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ. لېكىن كۆپ يىللىق ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يەر ئۈستى قىسمىنىلا زەخىملەندۈرەلەيدۇ. بوز شىبغىل، كۆر ـ مەك قاتارلىق باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئې ـ لىش ـ يوقىتىشتا، 15% لىك فلوئازىفوپ ـ p ـ مېتىل (精稳杀得) ياكى 35% لىك فلۇئازىفوپ مېتىل (稳杀得) دىن 33 ـ 80 مىللىلىتىر ياكى 10.8% لىك يۇقىرى ئۈنۈملۈك گاللانىت (高效盖草能) تىن 25 ـ 60 مىللىلىتىر ياكى 20% لىك نابۇ (拿捕) دىن 60 ـ 100 مىللىلىتىر ـ نى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، ياۋا ئوت ـ چۆپلەر 10 ـ 20 سانتىمېتىر ئۆس ـ كەندە يوپۇرماققا چاچسا، ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر (مەسىلەن: چىلگە باشاق، مەستەك، تېرىق چاچ، قارا ئىجرىق) نى ئاساس قىلغان چىملىقلار ـ دىكى قوش پەللىك ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، D ـ 4، 2، خدونال (二甲四氯)، ئېكسپىرىس (巨星 DPX-L5300) قا ـ تارلىق دورىلارنى چاچسا بولىدۇ. لېكىن ئالدى بىلەن كىچىك كۆلەمدە تەجرىبە قىلىپ، سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن تەدرىجىي كېڭەيتىش كېرەك. (03)

# قوغۇن كۆكىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

زەينەپ ئىساق

(قۇمۇل شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

1. زىيان سېلىش ئەھۋالى: كۆكپىت قوغۇن يوپۇرمىقىنىڭ ئارقىسىدىكى ۋە يۇمران غولىدىكى شىرنىسىنى سۈمۈرۈپ ئوزۇقلىنىپ، يوپۇرماقنى پۈرلەشتۈرۈپ، يۇمران توقۇلمىلارنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەپ، پىلەكنىڭ شىرنىلىك ئوزۇقلۇقىنى كۆپلەپ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. كۆكپىت ئاجرىتىپ چىقارغان شىلىمشىق ماددىلار يوپۇرماق يۈزىنى بۇلغاپ، يوپۇرماقنىڭ نۇر بىرىكتۈرۈش رولى (فوتوسىنتېز رولى) نى ۋە نەپەسلىنىش رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، تۈپىنىڭ ئۆسۈشىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، يەنە قوغۇن ۋىرۇس كېسىلىنى تارقىتىدۇ. ۋىرۇس كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان قوغۇن تۈپىدە ئالا يوپۇرماق، غەيرىي شەكىللىك يوپۇرماق ۋە پاكارلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ، تۈپىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، مەھسۇلاتىغا ۋە سۈپىتىگە ناچار تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى: ① كۆشەندىلەر ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: كۆك پىتنىڭ زىيان سېلىش دەرىجىسى دائىم خانقىز، ئالتۇن كۆز، كۆك پىت يەيدىغان چىۋىن قاتارلىق كۆك پىت كۆشەندىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا كۆكپىتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا ئەڭ ياخشىسى كۆكپىت كۆشەندىسى ئارقىلىق كونترول قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەگەر كۆكپىتقا قارىتا كەڭ كۆلەمدە دورا چېچىلسا كۆشەندە ھاشاراتلارمۇ كۆپلەپ يوقىلىپ، كۆكپىتنىڭ تېخىمۇ يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەتتا ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى يۇ-

قىرىلىتىپ، مەھسۇلاتنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ② قوغۇننى تەكرار تېرىماسلىق، ھەتتا قوغۇنلۇق ئەتراپىغا پۇرچاق تۇرىدىكى زىرائەتلەرنى تېرىماي، كۆكپىتنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. كۆكپىت زىيىنى يېنىك ئېتىزلارغا سېرىق رەڭلىك تاختاي ئېسىپ جەلپ قىلىپ يوقىتىش ئارقىلىق، كۆكپىت زىيىنىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. ③ كۆك پىت ئايرىم جايلاردا پەيدا بولغاندا كۆكپىت چۈشكەن مەركىزي تۈپكە 30% لىك ئاتسېفات (乙酰甲胺磷) ياكى 40% لىك ئوكسىدلانغان روگور سۇتسىمان مېيى (氯化乐果乳油) نى بەش ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، غول تۈۋىنىڭ 10 سانتىمېتىر قىسمىغا سۇرسە، كۆكپىتنى يوقاتقىلى بولىدۇ. قوغۇندا كۆكپىت ئومۇميۈزلۈك پەيدا بولغاندا د د ۋ زەھەرلىك توپىسى بىلەن بۇسلاپ يوقىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر موغا 80% لىك د د ۋ سۇتسىمان مېيى (氧化敌敌畏乳油) دىن 100 ـ 150 مىللىلىتىرنى 10 ـ 15 گىرام يۇمشاق توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ، قوغۇن يوپۇرمىقىنىڭ ئاستىغا چېچىش كېرەك. روگور سۇتسىمان مېيىنىڭ 1000 ـ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 2.5% لىك كارات سۇتسىمان مېيى (功夫乳油) نىڭ 4000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك. ④ فىزىكىلىق ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش: پارنىك، سولياۋ كېمىرگە سولياۋ يوپۇق يېپىشتىن بۇرۇن يۇقىرى ئۈنۈملۈك، زەھەر قالدۇقى ئاز بولغان بىيولوگىيەلىك دورىلارنى تۇمانلىتىپ پۈركۈش لازىم، پارنىك ـ سولياۋ كېمىرگە سولياۋ يوپۇق ياپقاندىن كېيىن پېچۇۋۋۇيي (棚虫畏)، گۇاڭرۇنيەن (广润烟剂) ئىسلاش دورىسى بىلەن ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم ئىسلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (03)

# دېھقانچىلىق دورىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى

ھەبىبەم يۇنۇسجان
(غۇلجا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

1. ئوراپ قاچىلىنىشىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈش: دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن ئۇنىڭ ئوراپ قاچىلىنىشىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بار. دورا بوتۇلكىسى ياكى سولياۋ خالتىنىڭ ئۇستىگە زۆرۈر بولغان بەلگە ۋە ھەرپ يېزىلغان بولىدۇ. مەسىلەن: دورىنىڭ نامى، تۈرى، ئۈچ خىل ئىسپات نومۇرى، زاۋۇت ئىسمى، خەتەرلىك بەلگىسى ھەم ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى قاتارلىقلار. مۇشۇلارغا قاراپ دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ سۈپىتىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

2. دورا ماركىسىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈش: دورا ماركا مەزمۇنى تۆۋەندىكى 10 تۈردىن ئىبارەت: (1) دورا نامى، خەنزۇچە بىرلىككە كەلگەن دورا نامى، تاۋار نامى؛ (2) ئۆلچىمى، ئۈنۈملۈك تەركىبى ھەم پىرسەنتلىك مىقدارى؛ (3) دورىنىڭ ئۈچ خىل ئىسپات نومۇرى، مەھسۇلات ئۆلچەملىك نومۇرى، دورىنى تىزىمغا ئېلىش ئىسپات نومۇرى، ئىشلەپچىقىرىش تەستىق نومۇرى (ئىجازەت نومۇرى)؛ (4) ساپ ئېغىرلىقى ياكى ساپ سىغىمى؛ (5) دورا نامى، زاۋۇت ئادرېسى، تېلېفون نومۇرى، پوچتا نومۇرى، تېلېگرامما نومۇرى؛ (6) دورىنىڭ تۈرى؛ (7) چۈشەندۈرۈشى، ماس كېلىدىغان زىرائەت، ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئوبيېكتى، ئىشلىتىش مىقدارى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى، ئىشلىتىش ۋاقتى قاتارلىقلار؛ (8) زەھەرلىك دەرىجە بەلگىسى؛ (9) دىققەت قىلىدىغان ئىشلار، زەھەرلىنىش ئالامىتى، جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى، سەزگۈر زىرائەتلەر، سەزگۈرلۈك دەۋرى ياكى سەزگۈرلۈك ئورنى (زىرائەتنىڭ)، بىخەتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش سۆزى، بىخەتەر ئارىلىق مەزگىلى، ساقلاش تەلىپى؛ (10) ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقتى ياكى تۈركۈم نومۇرى ھەم ساقلاش مۇددىتى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەزمۇنلارنىڭ بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ.

3. دورا ماركىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن پەرقلەندۈرۈش: (1) دورا نامى چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇنۇملۇك تەركىبى، ئۇنۇملۇك تەركىبىنىڭ بىرلىككە كەلگەن نامى ۋە تىپى بولىدۇ. ئىمپورت قىلىنغان دورا بولسا ئادەتتە تاۋار نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، خەنزۇچە نامى بولىدۇ. (2) تىزىملاش نومۇرى، مەھسۇلات ئۆلچەم نومۇرى، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىجازەت قىلىنغان نومۇرى؛ (3) ساپ ئېغىرلىقى (گىرام سانى)، ساپ سىغىمى (مىللىلىتىر ياكى لىتىر)؛ (4) زاۋۇت نامى، ئادرېسى، تېلېفون نومۇرى، تېلېگرامما نومۇرى، پوچتا نومۇرى؛ (5) دورىلارنىڭ تۈرى، ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ ھەر خىل دورىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان رەڭدە بەلگىسى بولىدۇ. مەسىلەن: ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى يېشىل رەڭدە، ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلار قىزىل رەڭدە، مىكروب ئۆلتۈرگۈچى دورىلار قارا رەڭدە، چاشقان ئۆلتۈرگۈچى دورىلار كۆك رەڭدە، ئۆسۈملۈك ئۆستۈرگۈچى دورىلار قېنىق سېرىق رەڭدە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ماركا ئۈستىدە بولىدۇ؛ (6) دورىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىدە دورىنىڭ ئىشلىتىش ۋاقتى، ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى، ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئوبيېكتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولىدۇ. ئەگەر قوشۇمچە دورا قوشۇلسا، قوشۇلغان دورىنىڭ مىقدارى، چەكلىنىش دائىرىسى، باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاش ئىشلىتىشكە بولامدۇ ـ بولمامدۇ دېگەنلەر ئېنىق يېزىلغان ـ يېزىلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. (7) زەھەرلىك دەرىجىسى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار بارمۇ ـ يوق؟ دېگەنلەرگە ئاساسەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

4. دورا ماركىسىغا يېزىلغان خەتلەرگە ئاساسەن پەرقلەندۈرۈش: (1) ئىنچىكىلىك بىلەن قارايدىغان بولساق بەزى ئوخشاشماسلىقلارنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆلچىمى، ماتېرىيالى، رەسىمىنىڭ شەكلى، ساختىلىقتىن پەرقلەندۈرۈش بەلگىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك پەرق بار. (2) ماركا ئوچۇقمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ (3) ماركا قېلىپلاشقانمۇ ـ يوق، يەنى دورا مىقدارى، ئىشلىتىش ۋاقتى، ئۇسۇلى قاتارلىقلار كۆپتۈرۈلگەنمۇ ـ

يوق؟ (4) ماركا ئۆستىدىكى ئۆچ ئىسپات بارمۇ ـ يوق؟ (5) ساقلاش مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەنمۇ ـ يوق؟

5. دورىلارنى سىرتقى قاپلىرىنى كۆزىتىپ سىرىنى ئىشقىلىق پەرقلەندۈرۈش: (1) پاراشوك ۋە نەملىشىشچان پاراشوك دورىلار نەم تارتىپ كالللەك بولۇۋالدىمۇ ـ يوق؟ خالتىغا قاچىلانغان دورىلارنى قولدا تۇتۇپ كۆرگەندە، خالتا ئىچىدە يۆتكەلگەن نەرسە بارمۇ ـ يوق، چوڭ دانىچە بارمۇ ـ يوق، خالتىنى ئاچقاندا رەڭگى ۋە ئىنچىكىلىك دەرىجىسى بىردەكمۇ، غەيرىي پۇراق بارمۇ ـ يوق؛ (2) سۇتسىمان مايلىق دورىلار، سۇيۇق دورىلار، لەيلىگۈچى دورىلار بوتۇلكىغا قاچىلانغاندا قەۋەتلىنىشىپ قېلىش ھادىسىسى بارمۇ ـ يوق، رەڭگى بىردەكمۇ ـ ئەمەسمۇ، چۆكمە بولۇۋالدىمۇ ـ يوق، كىرىستاللىنىش ھادىسىسى بارمۇ؟ (3) ئىسسىلغۇچى دورىلارنىڭ نەملىنىشىپ قالغان ياكى قالمىغانلىقىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

6. ئەسۋابلاردا تەكشۈرۈش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈش: (1) ئۈنۈملۈك تەركىبىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈش، ئەگەر ئۈنۈملۈك تەركىبىنىڭ مىقدارى بەلگىلىمىدىكى قويۇقلۇقتىن بەكلا ئاز بولسا بۇ دورا لاياقەتلىك دورا ئەمەس. (2) يۇمشاقلىق دەرىجىسى ئۆلچەمگە يەتمىسە لاياقەتسىز دورا ھېسابلىنىدۇ. (3) لەيلەش نىسبىتى ئۆلچەمدىكىدىن تۆۋەن بولسا لاياقەتسىز دورا ھېسابلىنىدۇ. (4) سۇتسىمان مايلىق دورىلارنى سۇيۇلدۇرغاندا تەكشى، بىردەك بولسا (سۇيۇلدۇرغان ئېرىتمىنىڭ تۇراقلىق خۇسۇسىيىتى) بۇ دورا لاياقەتلىك دورا، ئەكسىچە بولسا لاياقەتسىز دورا ھېسابلىنىدۇ. (5) ئىسسىلغۇچى دورىلار يانسا سۈپىتى ياخشى، ئەكسىچە بولسا لاياقەتسىز بولىدۇ. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، قانچە ئوڭاي يانسا شۇنچە ياخشى بولمايدۇ. يېنىش نۇقتىسى قانچە تۆۋەن بولسا، بىخەتەرلىكى شۇنچە ياخشى ئەمەس. ئاسانلا ئۆزلۈكىدىن ئوت ئېلىپ كېتىدۇ. شۇڭا قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك. (6) دېھقانچىلىق دورا تەركىبىدىكى ئەخلەت ياكى زىيانلىق ماددىلار دورىنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ ھەمدە ئاسانلا دورا زىيىنىنى پەيدا قىلىدۇ. (03)

# يېڭى تۇغۇلغان موزايلارنىڭ كىندىك ياللۇغى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلى

ئۆمەرجان مەمەت توختى
(بورتالا شەھىرى چىندىل يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

بۇ كېسەللىك موزايلار تۇغۇلۇش بىلەنلا پەيدا بولىدىغان، كىندىك نەم ھالەتتىكى ياللۇغلۇق ئۆزگىرىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل تاشقى كېسەلدىن ئىبارەت. بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، موزايلار ئانا قورسىقىدىكى چاغدىلا يۇقۇش ئېھتىمالىغا يېقىن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كېسەل بىرۇتسىللىيوز بىلەن يۇقۇملانغان، ھەمرىيى چۈشمىگەن ۋە باشقا كېسەللىكلەر بىلەن يۇقۇملانغان ئىنەكتىن تۇغۇلغان موزايلاردا ئىنتايىن كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆللەش مەزگىلىدە قوتان تازىلىقىنىڭ ناچار بولۇشى ۋە نەم بولۇشى بۇ كېسەللىكنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامەتلىرى:** كېسەللىك ئالامىتى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان موزايلارنىڭ كىندىكى ئادەتتە موزاي تۇغۇلۇپ ئىككىنچى كۈنى قۇرۇپ قورۇلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولماي، يەنىلا نەم ھالەتتە بولسا كىندىك ياللۇغى دەپ دىياگنوز قويۇپ داۋالاش كېرەك.

**2. داۋالاش ئۇسۇللىرى:** كىندىك كانىلىنى ئېچىپ، كىندىك كانىلىدا توختاپ قالغان ياللۇغلۇق سۇيۇقلۇقلارنى چىقىرىۋېتىپ دورا ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. داۋالاش ئۇسۇلى ئاسان ھەم ئاددىي بولۇپ، كەڭلىكى بىر سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا داكا كېسىپ، پېنىتسىللىن ئېرىتمىسىگە چىلاپ، كىندىك كانىلىغا تىقىپ قويۇلىدۇ. دورىنى كۈندە ئىككى قېتىم ئالماشتۇرسا تېز ئۈنۈم بېرىدۇ. ئەگەر كېسەللىكنىڭ ۋاقتى ئۇزىراپ، كىندىك ئەتراپى ئىششىغان ۋە يىرىڭلىغان، تەن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىگەن بولسا، كىندىك تۈۋىدىن كېسىپ تاشلاپ، كىندىك كانىلى ئىچىدىكى يىرىڭ ۋە سۇيۇقلۇقلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، يود تېنكتۇراسى سۈرۈلىدۇ، يىرىڭلىق بوشلۇق 3% لىك ھىدروپېروكسىد (双氧水) ياكى 1% لىك مارگانسوپ ئېرىتمىسى بىلەن پاكىز يۇيۇلىدۇ. ئاندىن 0.5% ـ 1% لىك رىۋانول (利凡诺) ئېرىتمىسىگە چىلانغان پاختا شارىكى تىقىپ قويۇلىدۇ، بۇنىڭ سىرتىدا تەن ئېغىرلىقى ئۆلچىنىپ، قىزىتما ۋە ياللۇغ قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئانتوبىيوتىك دورىلار ئوكۇل قىلىنىدۇ. (02)

# كالا باقمىچىلىقىدا دېزىنفېكسىيەلەشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

قۇربانبۇۋى دۇيشىماخۇن
(ئاتۇش شەھەر تۇگۇرمىتى يېزا چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

كالا باقمىچىلىقىدا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كارانتىن قىلىش ۋە قەرەللىك دېزىنفېكسىيە قىلىش ناھايىتى مۇھىم. كالا باقمىچىلىق فېرمىلىرىدا ئادەم ۋە چارۋىلارغا زىيىنى يوق، قالدۇقى قالمايدىغان دېزىنفېكسىيە دورىلىرىنى تاللاپ دېزىنفېكسىيە قىلىش، شارائىتقا قاراپ مۇۋاپىق دېزىنفېكسىيە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش بەك مۇھىم. كالا باقمىچىلىق مەيدانلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1. مۇھىتنى دېزىنفېكسىيە قىلىش: كالا قوتىنى ئەتراپىدىكى مۇھىت ئاساسلىقى ھەرىكەت مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر ھەپتىدە 2% لىك كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ياكى ئۆچۈرۈلمىگەن ھاك سۇيۇقلۇقىنى بىر قېتىم كالىلارنىڭ ھەرىكەت مەيدانىغا چېچىش كېرەك. مەيدان ئەتراپى ۋە مەيدان ئىچىدىكى كېرەكسىز سۇ ئورىكى، قىغ چىقىرىش ئورىكى، ئەۋرەز يولى ئېغىزىنى ھەر ئايدا ئاقارتىش پاراشوكى بىلەن بىر قېتىم دېزىنفكېسىيە قىلىش، دەرۋازا كىرىش ئېغىزى ۋە كالا قوتىنىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا دېزىنفېكسىيە كۆلچىكى ياساپ، 2% لىك كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ئېرىتمىسى قويۇش لازىم.

2. خادىملار دېزىنفېكسىيەسى: خىزمەتچى خادىملار كالا قوتىنىغا كىرىشتىن ئاۋۋال چوقۇم كىيىم ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇلتۇرا بىنەپشە نۇرىدا 3 ـ 5 مىنۇتقىچە دېزىنفكېسىيە قىلىش، خىزمەت كىيىمى بىلەن سىرتلارغا چىقماسلىق لازىم.

3. كالا قوتىنىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش: ھەر كۈنى بىر قېتىم ئوقۇرلارنى پاكىز تازىلاش، قەرەللىك ھالدا يۇقىرى بېسىملىق سۇ ناسوسى بىلەن يۇيۇش ۋە قورۇ ـ قوتاننى تۇمانلىتىپ دېزىنفېكسىيە قىلىش ياكى ئىسلاش ئارقىلىق دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك.

4. ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش: قەرەللىك ھالدا يەم بېرىشكە ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلار، ئوقۇر ۋە يەم ـ خەشەك ماشىنىسى قاتارلىقلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن 0.1% لىك برومو ـ گىرامىدىن (新洁尔灭) ياكى 0.2% ـ 0.3% لىك پىروكسىدلىق سىركە كىسلاتاسى بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار، مەسىلەن: مالدوختۇرلۇقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار، تۇغۇتقا ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار، نەسىللەندۇرۇشكە ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلارنى ئۆزۈل ـ كېسىل دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك.

5. كالا قوتىنىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش: بۇنىڭ ئۈچۈن قەرەرلىك ھالدا كالا قوتىنىنى 0.1% لىك برومو ـ گىرامىدىن ياكى 0.3% لىك پىروكسىدلىق سىركە كىسلاتاسى بىلەن ياكى 0.1% لىك ئىككىلەمچى ناترىي خىلور بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم. بۇلار تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ۋە تۇياق كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەيدۇ. دېزىنفېكسىيە قىلغاندا دېزىنفېكسىيە دورىلىرىنىڭ يەم خەشەككە ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

6. تۇغۇتقا ياردەم بېرىشتە، ئۇرۇقلاندۇرغاندا ۋە ھەر قانداق كالا بىلەن بېقىنلىشىپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتىن ئاۋۋال كالىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا كالىلارنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. (02)

## چارۋا ـ ماللاردىكى كالتسىي يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇللىرى

ئايشەمگۈل ئىبراھىم
(قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)
زورىگۈل كېرەم
(قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

تۆللەردىكى كالتسىي كەملىك ــ سۆڭەك يۇمشاش كېسىلى ياكى يۇمشاق سۆڭەك كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**1. كېسەللىك سەۋەبلىرى:** بەدەنگە كېرەكلىك كالتسىي، فوسفورنىڭ مىقدارى ئالمىشىشىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى، يەم چۆپتىكى كالتسىي، فوسفور نىسبىتىنىڭ نامۇۋاپىقلىقى، ئۆسۈملۈك تۇزى، ئاقسىل، مايلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق بولۇشى ۋە نامۇۋاپىق بېقىپ باشقۇرۇشتىن سۆڭەك تو-قۇلمىلىرىدا كالتسىي يېتىشمەي، سۆڭەك يۇمشاپ كېتىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەي خىزمىتىنىڭ قالايمىقانلىشىشى، سوزۇلما خاراكتېرلىك ھەزىم قىلىش ناچارلىقى، ۋىتامىن D نىڭ يېتىشمەسلىكى، كۈن نۇرىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىدىن ۋە پوقاق بېزى خىزمىتىنىڭ كۆچىيىشى قاتارلىق ئامىللار بۇ خىل كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر ھېسابلىنىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامەتلىرى:** كېسەل مال دەسلەپتە روھسىزلىنىدۇ، دائىم يېتىۋالىدۇ، ئۆرە تۇرغاندا ئارقا پۇتلىرىنى پات ـ پات يەڭگۈشلەپ دەسسەپ تۇرىدۇ، ماڭغاندا پۇتلىرى كالۋالىشىدۇ، ئاقسايدۇ. بارا ـ بارا بو-غۇملار ئىششىش، يېگەن يېمىنى ياندۇرۇش، تام، ئوقۇر، تېزەك قاتارلىقلار-نى يالاش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. ئېغىرلاشقاندا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭالماي-دۇ، ئورۇقلايدۇ، بېشى يوغىنايدۇ، بەل ئومۇرتقىسى ئۆزگىرىپ ئاسان سۇ-نىدۇ، قان ئازلىق كۆرۈلىدۇ.

**3. كالتسىي تولۇقلاش:** (1) كالتسىي تابلېتكىسى (钙糖片) ئات، كالىلارغا 15 گىرام (40 تابلېت)، قويغا ئىككى گىرام (7 تابلېت) بېرىلىدۇ. (2) ئات، كالىلارغا 5 ـ 20 مىللىلىتىر قويلارغا 2 ـ 4 مىللىلىتىر مۇسكۇلدىن ۋىتامىن D ئوكۇلى ئۇرۇلىدۇ. (3) 5% لىك گىلۇكوزىلىق كالتسىي خىلور ئوكۇلى (葡萄糖氯化钙注射液) ئات، كالىلارغا 100ـ300 مىللىلىتىر، قويغا 20 ـ 50 مىللىلىتىردىن ۋېنا تومۇرغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. (4) 50% لىك گىلۇكوزا ئوكۇلى (葡萄糖注射液) ئاتلارغا 250 ـ 500 مىللىلىتىر، قويلارغا 50 ـ 100 مىللىلىتىر، كالىلارغا 250 ـ 1000 مىللىلىتىردىن ۋېنادىن ئوكۇل قىلىنىدۇ. (5) ۋىتامىن C ئوكۇلى ئات، كالىلارغا 20 ـ 30 مىللىلىتىر، قويغا 5 ـ 10 مىللىلىتىردىن كۆك قان تومۇرغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. (6) مىنېرال تۇز ئوقۇر ئىچىگە پارچىلاپ قويۇلۇپ، چارۋىلارنىڭ ئىختىيارى يېيىشىگە قويۇلىدۇ. (7) ۋىتامىن $B_1$ ئات كالىلارغا 10 ـ 20 مىللىلىتىر، قويغا 2 ـ 4 مىللىلىتىر مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. (8) ئاشقازان ياخشىلاش دورىسى (健胃散) ئات، كالىلارغا 10 ـ 40 گىرام، قويغا 6 ـ 10 گىرامدىن كۈندىگە ئۈچ قېتىم بېرىلىدۇ. (9) رەۋەن تىنكتۇرىسى (大黄酊) ئاتلارغا 20ـ 50 مىللىلىتىر، كالىلارغا 50 ـ 125 مىللىلىتىر، قويغا 10 ـ25 مىللىلىتىردىن بېرىلىدۇ. (10) بېقىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، فوسفور ۋە كالتسىينىڭ نىسبىتىنى تەڭشەش، چارۋىلارنى ئاپتاپتا كۆپرەك تۇرغۇزۇش، ھەرىكەت مەيدانى كەڭرەك بولۇش، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئوزۇقلارنى بېرىش بىلەن بىرگە ئوزۇقلۇقتىكى كالتسىي، فوسفورنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. (02)

# كېپشەرلەشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

تۇرغۇن تۇرۇپ
(قاغىلىق ناھىيە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

كەپشەرلەشتىن چىققان ئۇچقۇن ئوت ئاپىتى ۋە پارتلاش ھادىسىسى پەيدا بولۇشتىكى مەنبە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، كەپشەرچىلەر «10 نى قىلماسلىق» پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىم: (1) كەپشەرچىلەر بىخەتەرلىك تېخنىكا تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇپ گۇۋاھنامە ئېلىشتىن ئىلگىرى كەپشەرچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. (2) نۇقتىلىق مۇھىم ئورۇن ۋە سورۇنلاردا تەدبىر قوللىنىشتىن، ئورۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ۋە سېخ بىخەتەرلىك قوغداش تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بويىچە ئوت بىلەن مەشغۇلات قىلىش تەستىق قەغىزىنى بېجىرىشتىن ئىلگىرى كەپشەرلەش مەشغۇلاتى قىلىشقا بولمايدۇ. (3) كۈپ، قاچىلارنىڭ ئىچىدە 12 ۋولتلۇقتىن تۆۋەن يورۇتۇش چىرىقى بولمىسا، ھاۋا بېرىشى ياخشى بولمىسا، نەق مەيداندا نازارەت قىلىپ قوغدايدىغان ئادەم بولمىسا كەپشەرلەش مەشغۇلاتى قىلىشقا بولمايدۇ. (4) رەھبەرلىكنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ، باشقىلار ئەپكەلگەن ماتېرىيالنىڭ ئىشلىتىلىش ۋە تۇزۇلۇش ئەھۋالىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ كەپشەرلەش مەشغۇلاتى قىلىشقا بولمايدۇ. (5) ئاسان ئوت ئالىدىغان ۋە ئاسان پارتلايدىغان گاز قاچىلانغان كۈپ، تۇرۇبىلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل تازىلاش ۋە چارە كۆرۈشتىن ئىلگىرى جۈملىدىن ئوت ئاپىتى ۋە پارتلاش خەۋپىنى تۈگىتىشتىن ئىلگىرى كەپشەرلەش مەشغۇلاتى قىلىشقا بولمايدۇ. (6) ئەسلىھەلەرنىڭ ھارارەت ساقلاش، ئاۋاز توسۇش قۇرۇلمىسىغا يانىدىغان ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەن ئورۇنلىرىنى ئەمەلىي ئىشەنچلىك، بىخەتەرلىك تەدبىرى بىلەن يۆتكىلاشتىن ئىلگىرى كەپشەرلەشكە بولمايدۇ. (7) بېسىمى بار تۇرۇبا ياكى ھەم ئېتىلگەن قاچىلار، مەسىلەن: ھاۋا قىسىش ماشىنىسى، يۇقىرى بېسىملىق گاز ياكى يۇقىرى بېسىملىق تۇرۇبا يولى، قايناۋاتقان پار قازىنى قاتارلىقلارنى كەپشەرلەشكە بولمايدۇ. (8) كەپشەرلەش مەشغۇلاتى قىلىنىدىغان ئورۇننىڭ يېنىدىكى ئاسان يانىدىغان بۇيۇملارنى تازىلىۋېتىش ياكى بىخەتەرلىك تەدبىرى قوللى-

# كەنت مالىيەسىنى ئاشكارىلاش خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەدبىرلىرى

ئەلى ئۆمەر

(پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

**1. كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشنىڭ ھازىرقى ئەھۋا- لى:** كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ دېموكراتىك باشقۇرۇش - كەنت دەرىجىلىك مالىيە باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ، يېزا كوللېكتىپ مەبلىغىنى جۇغلاپ، يېزا ئىقتىسادىنى زورايتىپ، مالىيەدىكى يوچۇقلارنى ئېتىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، كەنت كوللېكتىپ مەبلىغىنى ياخشى باشقۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۆۋەتتە ھەرقايسى جايلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ دېموراكتىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئۇستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئاشكارا ئېلان قىلىش ۋاقتى، مەزمۇنى، شەكلى ۋە تەرتىپى قاتارلىقلارنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، راستچىل، ئەمەلىي، ئادىل، ئاشكارا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشتىكى قانۇن، تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى بېكىتىپ، كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىش خىزمىتىنى يىللىق خىزمەتنى باھالاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. لېكىن كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىش ئارقىلىق

---

نىشتىن ئىلگىرى كەپشەرلەش مەشغۇلاتى قىلىشقا بولمايدۇ؛ (9) ئوت مەنئى قىلىنغان رايونلاردا قاتتىق ئايرىپ تۇرۇش قاتارلىق بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى كەپشەرلەش مەشغۇلاتى قىلىشقا بولمايدۇ. (10) بەلگىلىك ئارىلىقتا كەپشەرلەش مەشغۇلاتى بىلەن زىت كېلىدىغان، مەسىلەن: بېنزىن بىلەن يۇيۇش، سىرلاش، ماي قاچىلاقلىق كۆپ قاتارلىق ئاسان ئوت ئالىدىغان گازنى كۆپ چىقىرىدىغان مەشغۇلات بولۇۋاتقان ئورۇنلاردا كەپشەرلەش مەشغۇلاتى قىلىشقا بولمايدۇ. (02)

ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بەزى مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

**2. نۆۋەتتە كەنت مالىيەسىدە ئاشكارا بولۇش تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر:** (1) مۇناسىۋەتلىك قانۇن، تۈزۈملەر يېتەرلىك ئەمەس. كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىش تۈزۈمىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش جەھەتتە، كەنت مالىيەسىنى قانداق ئاشكارا ئېلان قىلىش، راستىلىقىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىش، قانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىش قاتارلىقلارغا قارىتا، قانۇن، تۈزۈملەر تېخى مۇكەممەل ئەمەس. بەزى كەنتلەردە يىل بېشىدىكى خىزمەتلەرنى يىل ئاخىرىدا ئېلان قىلىدىغان، ئېلان تاختىيىغا ئېلان قىلىنغان ۋاقىتنى ئۆزگەرتىپ قويۇپ، مەزمۇننى ئۆزگەرتمەيدىغان، بەزى ئاممىا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلارنى ۋاقتىدا ئېلان قىلمايدىغان، كەنت ئاھالىلىرى بەزى ھالقىلىق ئۇچۇرلارغا، قىزىق نۇقتىلارغا ۋە بايقىغان مەسىلىلەرگە قارىتا پىكرىنى بەرسىمۇ، لېكىن ئاشكارا ئېلان قىلىش مەزمۇنىدا زور ئۆزگىرىش بولمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىۋاتىدۇ. (2) بوغالتىرلىقتا بەلگىلىمە بويىچە ئۆتكۈزۈۋالماسلىق ۋە ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك، ھەتتا بوغالتىرلىق مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ، بوغالتىرلىق خىزمىتىنىڭ ئۈزۈكسىزلىكىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ھېساباتنى ئېنىق قىلماسلىق، بەلگىلىمە بويىچە ھېسابات تەسىس قىلماسلىق، ھېساباتقا يازماسلىق، ھېساب ئۆتكۈزمەسلىك، ھېساباتنى نەقلەشتۈرمەسلىك، بوغالتىرلىق ئارخىپىنى ياخشى ساقلىماسلىقتەك ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. چىقىم قىلىش تەرتىپى قالايمىقان، ئۆلچەمسىز بولۇش، ئاق ھۆججەت، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرى بولمىغان چىقىملار ۋە مېھمان كۈتۈش چىقىمى قاتارلىقلار مالىيە باشقۇرۇش خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. (3) كەنت مالىيەسىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش مېخانىزمى يېتەرلىك ئەمەس. بەزى كەنتلەردە مالىيە باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش كىچىك گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمايۋا-

تىدۇ. بەزى جايلاردا ئاممىنىڭ تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قېلىپ، كەنت ئاھالىلىرى كوللېكتىپىنىڭ ئىشىنى سۇرۇشتۇرمەيدىغان، كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان ھالەت شەكىللىنىپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشنىڭ ئۈنۈمى بولمايۋاتىدۇ. بەزى كەنتلەردە كوللېكتىپنىڭ كىرىم ـ چىقىمىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن، خادىملار تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان ۋە ئاشكارا ئېلان قىلغان بولسىمۇ، كەنت ئاھالىلىرى ھېساباتنى چۈشەنمىگەچكە، نازارەتچىلىك قىلىشنى بىلمەي، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشنى ئۆلۈك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا كەسپىي نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش تۈزۈمى ئەمەلىيلەشمىگەن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشى يېتەرسىز، ھەرقايسى ئورۇنلار نازارەت قىلىشتا مۇۋاپىق ماسلاشماسلىق، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق قول بولماسلىق، ھەق، ئادىل، توغرا، ئۆلچەملىك ئىش بېجىرمەسلىك قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشنىڭ رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. (4) كەنت مالىيەسىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە ئاممىنىڭ تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشى يېتەرسىز بولۇپ، مالىيەنى باشقۇرۇشتا قالايمىقانچىلىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ. كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىش جەريانىدا، بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئاشكارا قىلىشقا بولغان تونۇشى يېتەرسىز بولغاچقا، «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدىيەسىدە بولۇپ»، ئاشكارا ئېلان قىلىش مەزمۇنىنى ئەتراپلىق، ئېنىق قىلماسلىق، ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مالىيە ئىشلىرىدىكى كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى، ھۆددىگە بېرىش ھەققىنى يىغىش قاتارلىقلارنى ئەينەن ئېلان قىلماسلىق، مېھمان كۈتۈش، سوۋغا بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ساختا ئېلان قىلىش ياكى باشقا بىر تۈرگە كىرگۈزۈپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى يوشۇرۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. (5) مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى مۇكەممەل ئەمەس. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 22 ـ

مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشنى يۈرۈشتۈرۈشتە، ۋاقتىدا ئېلان قىلىش، ئاشكارا ئېلان قىلىش - قا تېگىشلىك ئىشلارنى ۋاقتىدا ئېلان قىلمىسا ياكى ئەينەن ئېلان قىلمىسا مۇناسىۋەتلىك خادىملار تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. يەنە «كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشنى ۋە دې - موكراتىك باشقۇرۇشنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىد - سىدىكى پىكىر» (مەركەز ئىشخانىسىنىڭ [2004] 17 - نومۇرلۇق ھۆج - جىتى) دە، كەنت مالىيەسىنى بەلگىلىمە بويىچە ئاشكارا ئېلان قىلماسلىق قىلمىشىغا كۆرۈلىدىغان چارىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىراق كەنت مالى - يەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشنى يىللىق باھالاشقا كىرگۈزۈش مەزمۇنى ۋە مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمى مۇكەممەل بولمىغاچقا، كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىش سۈپىتىگە ۋە ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىۋاتىدۇ.

**3. كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەم - مەللەشتۈرۈشتە قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر ۋە تەكلىپ:** (1) كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىش بىر تۈرلۈك ئاساسىي قاتلام ئاممىسى - نىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى بولۇپ، كەنتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپ، ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شۇڭا كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشنى يەنىمۇ ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كەنت خىزمىتىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئۈ - چۈن مۇنۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك: ① ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، كەنت مالىيەسىنى باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن، تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، ئاساسىي مەزمۇنى، تەرتىپى ۋە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش مې - خانىزمى قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ئۆلچەملەشتۈرۈش كېرەك. ② تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كەنتتىكى ئا - ھالىلەرنى قاتناشتۇرۇپ، دېموكراتىك مالىيە باشقۇرۇش كىچىك گۇرۇپ - پىسى سايلاپ چىقىپ، كەنت مالىيە ھېساباتىنى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى كەنتلەردە مالىيەنى ئاش - كارا ئېلان قىلىش ۋاقتىنى ئېنىق بەلگىلەپ، ۋاقتىدا تاختايغا ئېلان قى -

لىپ، كەنتنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى، ھېساب قالدۇق ئەھۋا ـ
لىنى ۋە دېھقانلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلارنى قەرەللىك ئېلان قىلىپ،
كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئاشكارىلىق دەرى ـ
جىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئۇندىن باشقا تەكشۈرۈپ نازارەت قى ـ
لىش تېلېفونى، نامسىز خەت ساندۇقى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىپ، نازا ـ
رەت قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مالىيە مۇ ـ
پەتتىشلىكىنى كۈچەيتىپ، يىل ئاخىرىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام
تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا، مالىيە، ئىگىلىك باشقۇرۇش تار ـ
ماقلىرىنى تەشكىللەپ، كەنتلەرنىڭ يىللىق كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى
ئارىلاپ تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىش كې ـ
رەك. ③ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يېزا،
بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى كەنت مالىيەسىنى باشقۇرۇشنى
پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ كېڭىشىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ،
يىللىق خىزمەت پىلانى ۋە نىشانى، مەسئۇلىيىتى، باشقۇرۇش مەزمۇنىنى
تۈزۈپ چىقىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىستىلىنى توغرىلاپ،
چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، دېموكراتىك قانۇن، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈ ـ
چەيتىپ، كەنتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىناق، مۇقىم،
خاتىرجەم، بەختىيار جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك. مالىيە
خادىملىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن، تۈزۈم ئېڭىنى ئۆس ـ
تۈرۈپ، ئىنتىزامغا ئاڭلىق بويسۇنۇپ، ھەق ئىش قىلىدىغان كەيپىياتنى
يارىتىش كېرەك. ④ كەنت مالىيەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشتىكى مەق ـ
سەت، ئاممىنى كەنتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن ھەر ۋاقىت خەۋەردار قى ـ
لىپ، ئۇلارنى كەنتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇپ ۋە كۆڭۈل
بۆلىدىغان قىلىپ، كەنت كادىرلىرى بىلەن كەنت ئاھالىسى ئوتتۇرىسىدى ـ
كى ئىشەنچ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نازارەتچى ـ
لىكىنى كۈچەيتىپ، ناتوغرا ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تېخىمۇ ياخشى،
ساغلام، ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت بەرپا قىلىش بولغاچقا، قانۇن، تۈزۈم،
كەسپىي تېخنىكا، ساغلاملىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەشۋىق، تەربىيەنى
كۈچەيتىپ، كەنتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىي ئەھۋالىنى تېخىمۇ
ياخشىلاش كېرەك. (05)

# شەھەر يېزا قۇرۇلۇشىنى پىلانلاشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

مەسۇدە ئەكبەر
(غۇلجا شەھىرى قاردۆڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن)

1. شەھەر يېزا قۇرۇلۇشىنى پىلانلىغاندا چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاشنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، يەرنى تېجەپ ئىشلىتىش پىرىنسىپى بويىچە، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. يەرنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا، ئىشلەپچىقىرىشقا، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشقا پايدىلىق ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

2. ئادەتتە ئومۇملۇق بىلەن قىسمەنلىك، مۇھىملىق بىلەن ئادەتتىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، شەھەر يېزا تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىنى قوغلىشىش كېرەك. قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، توك، يول، سۇ، تۇرۇبا يوللىرى، ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى، يېقىلغۇ گاز يوللىرى، پاسكىنا سۇلارنى ۋە بۇلغانمىلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقانلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يەر بايلىقلىرىنى تېجەپ ئىشلىتىش ۋە ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئىشلەش كېرەك.

3. مۇۋاپىق ھالقىپ ئۆتۈش پىرىنسىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پىلان رايوندىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئىگىلەش، ئەمگەك كۈچلىرى بايلىقى ۋە قۇرۇلما ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ياخشى پىلانلاش كېرەك. شۇنداقلا شەھەر يېزا قۇرۇلۇشىنى پىلانلىغاندا ھەربىر ئورۇننىڭ رايون ئالاھىدىلىكى، تارىخى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تەبىئىي مەنزىرىلىرى، خاتىرە سارايلىرى، نەمۇنىلىك قۇرۇلۇشلارنى لايىھەلەپ، شەھەر يېزا پىلانلاشنىڭ خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك.

4. تەرەققىي قىلغان شەھەر بىلەن يېزا قاتنىشىنى ماسلاشتۇرۇپ پىلانلاش كېرەك. شەھەر، يېزا قاتنىشىغا بولغان مەبلەغنى زورايتىپ، شەھەر، بازارلاردا يۇقىرى ئۆلچەملىك ئاساسىي يول لىنىيەسىنى قۇرۇش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشىنى پىلانلاشتا كۆپلىگەن خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. بىراق پىلانلاشتا يەنىلا مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىلەرنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن - قائىدىلىرى بويىچە شەھەر - يېزىلارنى پىلانلاشنى ئىشقا ئاشۇرغاندا تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. (05)

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللار ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى

**41 - ماددا** ئىپپەت - نومۇسىنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئاياللارنى ئىپپەت - نومۇسىنى سېتىشقا تەشكىللەش، زورلاش، ئازدۇرۇش، سولاپ بېرىش، تونۇشتۇرۇش ياكى ئاياللارغا پەسكەشلىك قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئاياللارنى شەھۋانىي ئويۇن كۆرسىتىشكە تەشكىللەش، زورلاش ۋە ئازدۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

**42 - ماددا** ئاياللارنىڭ نام - ئاتاق ھوقۇقى، شان - شۆھرەت ھوقۇقى، شەخسىيەت ھوقۇقى، سۈرەت ھوقۇقى قاتارلىق ئادەمىيلىك ھوقۇقىنى قانۇن قوغدايدۇ. ھاقارەتلەش، بوھتان چاپلاش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن، ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ئىززىتىگە زىيان يەتكۈزۈش مەنئى قىلىنىدۇ. ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ياكى باشقا شەكىللەر ئارقىلىق، ئاياللارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ، ئېلان، تاۋار ماركىسى، كۆرگەزمە كۆزنىكى، گېزىت، ژۇرنال، كىتاب، ئۈن - سىن ھاسىلاتى، ئېلېكترون نەشر بۇيۇمى، تور قاتارلىقلاردا ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**43 - ماددا** دۆلەت ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر نىكاھ، ئائىلە ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**44 - ماددا** دۆلەت ئاياللارنىڭ نىكاھقا ئۆزى ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ. ئاياللارنىڭ توي قىلىش، ئاجرىشىش ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**45 - ماددا** ئاياللار ھامىلىدار مەزگىلدە، تۇغقاندىن كېيىن 1 يىل ئىچىدە ياكى ھامىلىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن 6 ئاي ئىچىدە ئەر ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا بولمايدۇ. ئايال ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسى ئەرنىڭ ئاجرىشىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىش ھەقىقەتەن زۆرۈر دەپ قارىسا، بۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. (05)

# قوغا چۈشكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ھەلىمە تۇرسۇن
(«يېزا پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

خەلقىمىزدە ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ھەر يىلى قوغا چۈشۈپ ۋە ئاپتاپقا قاقلىنىپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىر قىسىم كېسەللىكلەرنى نۇقتىلىق داۋالاشتەك ئېسىل ئەنئەنە بار. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ئىناق ئائىلە، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا رولى كۆنسايىن كۆچەيمەكتە.

1. تۇرپان رايونى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولغانلىقتىن، قوغا كۆمۈلۈپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ داۋالانغۇچىلار ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن باشلاپ، 5، 7، 9، 11، 13، 15 كۈن قوغا چۈشۈپ داۋالانغاندا، پىسخىكا ساغلاملىقىنى ياخشىلاش، تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش، ھەر خىل يۇقۇملۇق زۇكاملارنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

2. بۇ كۈنلەردە ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا بىرىنچىدىن كۈن تىك چۈشكەندە، ئىككىنچىدىن، بەك پېژغىرىم ئىسسىقتا قوغا كۆمۈلمەسلىك كېرەك، بولمىسا كۆزگە زىيان قىلىدۇ. شۇڭا سوپەتلىك قارا كۆزئەينەك، تەلپەك، چەم تاپانلىق ئاياغ ياكى پاختا رەختتىن تىكىلگەن لاتا ئاياغ، قارا كۆنلۈك قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

3. قوغا چۈشكەندە مۇۋاپىق قۇۋۋەتلىك تاماق يېيىشكە دىققەت قىلىش، يەنى ھەر خىل شورپا، گۆش، كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ئوزۇقلۇق تولۇقلاش كېرەك.

4. ئادەتتە قوغا چۈشكەندە 1 - 2 كۈن قوغا بېرىپ، مېڭىپ بىراز ماسلاشقاندىن كېيىن، پۈتتىن باشلاپ ئاز - ئازدىن كۆمۈلۈش كېرەك.

5. قوغا پۈتۈن بەدەنلىك كۆمۈلۈشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئالدى بىلەن پۈتتىن تىزغىچە ئاندىن يوتا، بەلگىچە يېنىك كۆمۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

6. بولۇپمۇ قوغا بىرىنچى قېتىم بارغانلار، ئالدى بىلەن قان بېسىمىنى تەكشۈرتۈپ، ئاز - ئازدىن يېنىك كۆمۈلۈش كېرەك.

7. ھەر كۈنى 9 - 10 لاردا قوغا بېرىپ بىرەر قۇر ئايلىنىپ يېنىك

كۆمۈلۈش، چۈشتىن كېيىن 4 ـ 5 لەردە بىرنېپ 2 ـ 3 سائەت مۇۋاپىق كۆمۈلۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

8. قومغا چۈشمىدىغانلار، ئادەتتە سەھەردىكى ناشتا، ئاندىن ئەتىگەنلىك تاماقتا، ئاندىن چۈشلۈك تاماق، كەچلىك تاماقلارنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ۋاقتىدا يېيىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

9. قومغا چۈشكۈچىلەر ئۇسسۇزلۇقنى مۇۋاپىق تولۇقلاشقا دىققەت قىلىپ، كۈندە بىرەر قېتىم تۇزلانغان قىزىق چاي، ئىككى كۈندە بىر قېتىم ناۋات چاي، قارا شېكەر چاي ئىچىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

10. قومغا چۈشكەندە توڭلاتقۇدا مۇزلىتىلغان ھەرقانداق نەرسىنى بىۋاستە يېيىشكە بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇسسۇزلۇقلارنى ۋە تاۋۇز ـ قوغۇن، مېۋىلەرنى، شۇنداقلا چوكا مۇز قاتارلىقلارنى يېمەسلىك كېرەك.

11. قومغا چۈشكەندە مۇۋاپىق قېلىن كىيىپ، شامالداپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم، بولۇپمۇ ھاۋا تەڭشىگۈچتە شامالداپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

12. قومغا چۈشۈپ 1 ـ 2 كۈندە بەدەندىكى تەر تۆشۈكچىلىرى پۈتۈنلەي ئېچىلىپ، ئاسانلا شامالداش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، شۇڭا پاختا رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى مۇۋاپىق قېلىن كىيىپ، ئىسسىق يۇرۇشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

13. قومغا چۈشكەندە ئامال بار پۇت، قول، باش، بەدەننى ئىسسىق سۇدا يۇيۇشقا دىققەت قىلىش، قومغا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىسسىق سۇدا، ئاندىن تۇزلۇق سۇدا، ئاندىن دورىلىق سۇدا يۇيۇنۇپ، مۇۋاپىق قېلىن كىيىنىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

14. قومغا چۈشكەندە ئەڭ ياخشىسى بىرنەچچە كۈن قومدا يۇيۇنۇش، بولۇپمۇ سوغۇق سۇدا يۇيۇنماسلىق كېرەك. بولمىسا ھەر خىل بوغۇم ياللۇغلىرى قوزغىلىپ، قومنىڭ شىپالىق رولى تۆۋەن بولىدۇ.

15. قومغا چۈشۈشكە بولمايدىغان كىشىلەر: ① ئېغىر يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى؛ ② قالقانسىمان بەز خىزمىتى ئېشىپ كەتكەنلەر؛ ③ ھەرىكەتچان تۇبېركۇليوز كېسەللىكلىرى؛ ④ كۆن نۇرىغا سەزگۈر كىشىلەر؛ ⑤ راك (ئۆسمە) كېسەللىكلىرى؛ ⑥ ئېغىر دەرىجىدە جىگەر خىزمىتى ۋە يۈرەك خىزمىتى بۇزۇلغانلاردىن ئىبارەت. (05)

# مەنسەپ تالاشما بىلىم تالاش

بىلىمدىن ئىنساننىڭ پىكرى ئېچىلۇر
بىلىمدىن تەبىئەت سىرى ئېچىلۇر
بىلىمدىن نادانلىق خاتىمە تاپار
بىلىمدىن سائادەت گۈلى ئېچىلۇر

— سوزۇك

ئاقسۇ دەريا باشقارمىسىدىن تۇرسۇن قۇربان يازغان

قېرىنداشلار ـــ ساغلام، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە يۈزلىنەيلى!




قۇمغا كۆمۈلۈش ۋە ئاپتاپقا قاقلىنىپ داۋالىنىش، خەلقىمىزگە ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ.
ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى


农 村 科 技
(月刊)

يېزا پەن ـــ تېخنىكىسى
(ئايلىق ژۇرنال)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «يېزا پەن -تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى
باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 ـــ 0991
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091
باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن
تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 - 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016